*Вәтәнни сөйүш - иманниң җүмлисидиндур*

ۋەتەننى سۆيۈش ـ ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر

قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرى «ئىتتىپاق»
جەمئىيىتىنىڭ ئاممىۋى ـ سىياسىي گېزىتى

Общественно - политическая газета
Общественного объединения уйгуров
“Иттипак” Кыргызской Республики

# ИТТИПАК ئىتتىپاق ЫНТЫМАК

№ 2 (880), февраль, 2021 г.

2021ـ يىل، ھۇت 2ـ سان (880)

Газета издается с марта 1994 года

## В НОМЕРЕ:



*Ана тил байрими*
*3-бәт*



*ДУКниң 3 жиллиқ паалийити*
*6-бәт*



*Бүйүк шаир Әлишир Наваий*
*8-9-бәтләр*



*Легендарный батальон*
*Стр.10*



***Мастер спорта по баскетболу***
***Стр. 16***

# Международный день родного языка

# خەلقئارا «ئانا تىل» كۈنى



В 1999 году по решению ЮНЕСКО 21 февраля был утвержден Международный день родного языка. Его целями являются сохранение, развитие языкового и культурного разнообразия и поддержка многоязычного образования.

18 февраля 2021 года в конгресс-холле Государственной резиденции «Ала-Арча» состоялось совместное мероприятие Ассамблеи народа Кыргызстана и мэрии г. Бишкек, посвященное 120-летию Кусаина Карасаева, Касыма Тыныстанова и Международному дню родного языка.

В мероприятие принимали участие и выступили председатель Совета Ассамблеи народа Кыргызстана А. Эркебаев, и.о. мэра города Бишкек Б. Кудайбергенов, представитель Национальной комиссии по государственному языку при президенте КР Т. Осмоналиев, профессор БГУ им. К. Карасаева Т. Ишемкулов, дочь Кусаина Карасаева - доктор медицинских наук, профессор А. Карасаева, педагоги, сотрудники структурных и территориальных подразделений столичной мэрии, а также участники художественной самодеятельности этнических общественныхобъединенийАссамблеинародаКыргызстана.

В рамках мероприятия были показаны видео-фильмы, фото-слайды, посвященные 120-летнему юбилею выдающихся личностей кыргызского народа.

В концертной программе выступили: секретарь Совета Общественного объединения «Украинское общество КР «Берегиня» О. Гайнуллина с монологом Каныкей, дуэт Шамиль и Ника Шахмандаровы, руководители народного ансамбля «Уч-кулан» Общественного объединения «Международная Ассоциация карачаевцев «Ата-Джурт», показали танец «Конга-кафт» и ансамбль «Ак-Моор» Общественного объединения «Ассоциация этнических кыргызов» – танец «Ак-Бакай».

19 февраля Общественное объединение уйгуров КР «Иттипак» также провело детский фестиваль родного языка в рамках празднования Международного дня родного языка.

1999ـ يىلى، يۇنېسكونىڭ قارارى بىلەن، 2ـ ئاينىڭ 21ـ كۈنى، خەلقئارا ئانا تىل كۈنى تەستىقلەندى. ئۇنىڭ مەقسىتى تىل ۋە مەدەنىيەتنىڭ كۆپ خىللىقىنى قوغداش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە كۆپ تىللىق مائارىپنى قوللاشتىن ئىبارەت.

2021ـ يىلى، 2ـ ئاينىڭ 18ـ كۈنى، ئالاـئارچا دۆلەت تۇرالغۇسىنىڭ قۇرۇلتاي زالىدا، قىرغىزستان خەلقىنىڭ ئاسسامبلېيەسى ۋە بىشكەك شەھەر باشقارمىسىنىڭ بىرلەشمە پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلۈپ، بۇ مەرىكە خۇسەيىن قاراسايېۋ، قاسىم تىنىستانوۋلارنىڭ 120 يىللىقىغا بېغىشلانغان. خەلقئارا «ئانا تىل» كۈنى پائالىيەتكە قىرغىزستان خەلق ئاسسامبلېياسى كېڭىشىنىڭ رەئىس ئا. ئېركىباييېۋ، بىشكەك شەھرىنىڭ ھاكىمى بەكتىبېك كۇدايبېرگېنوۋ، قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتى پرېزىدېنتى قارىمىغىدىكى دۆلەت تىلى كومىسسىياسىنىڭ ۋەكىلى ت.ئاسمونالىيېۋ، خ. قاراسايېۋ نامىدىكى بىشكەك دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ت.ئېشېمكۇلوۋ، خۇسەيىن قاراسايېۋنىڭ قىزى ـ تىببىي پەنلىرىنىڭ دوكتورى، پروفېسسور ئا. قاراسايېۋا، ئوقۇتقۇچىلار، بىشكېك شەھەر باشقارمىسىنىڭ خادىملىرى، ۋە قىرغىزستان خەلقى ئاسسامبلېياسىنىڭ مىللىي مەدەنىي مەركەزلىرى قاتناشتى.

پائالىيەت دائىرىسىدە، قىرغىزستان خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر شەخسلىرىنىڭ 120 يىللىقىغا بېغىشلانغان فىلىملار ۋە فوتو سۈرەتلەر كۆرسىتىلدى.

شۇنداقلا، 2ـ ئاينىڭ 19ـ كۈنى، قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ «ئىتتىپاق» ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىمۇ خەلقئارا «ئانا تىل» كۈننى ئۆتكۈزدى، پائالىيەتكە «ئىتتىپاق» جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئەسقەرجان قاسىموۋ قاتناشتى.

## Гезит мәсилиси – хәлқимизниң келәчәк мәсилиси



Гәйрәт Җаһанов

«Иттипақ» гезитимизниң мошу жили, январь ейиниң санида бесилған сәясәтчи Абдурәхим Һапизиниң «Бизгә Ана тилимизда чиқиватқан гезит керәкму? Мақалиси һәр бир һәқиқий уйғурниң жүригини вә вujудини тәвритидиған мақалә дәп һесаплаймиз. Мана мошу мунасивәт билән өзимизниң пикрини изһар қилмақчимиз. «Иттипақ» гезити Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» жәмийитиниң рәсмий басма оргини болуп һесаплиниду. Ахирқи жилларда «Иттипақ» гезитимизниң нусхиси төвәнләп кәтмәктә. «Иттипақ» гезитимиз һазирқи күндә Қирғизстан уйғурлириниң ана тилида чиқиватқан бирдин бир гезит. Гезитимиздин башқа балилиримизни, нәврилиримизни вә яшлиримизни уйғур тилини үгитидиған бирму мәктәп, синиплар, мәдәний мәркәз өйимиз йоқ. Мана мошу бүгүнки гезитимиз мәсилисигә кәлсәк, биз буниңға анчә көңүл бәрмәйватимиз. Худаға шүкри, һазирқи пәйттә хәлқимизниң хәлиқара мәйдандики дәвасини, тарихини, ана-вәтинимиз – Уйғуристанда болуватқан хитай даирилириниң хәлқимизгә қарита қоллиниватқан зорлуқ-зомбилиқлирини, Қирғизстандики шәһәр вә йезиларда яшаватқан уйғурларниң һаятини, турмуш йеңилиқлирини «Иттипақ» гезити һәр дайим йезип келиватиду.

Биз гезиткә йезилмаймиз, гезитниң бир жиллиқ йезилиш баһаси 400 сом, бу бизгә қиммәткә чүшиватиду десәк, кени бизниң уйғурлиғимиз, йолдашлар!

Қирғизстанда бу гезитимиздин башқа, мәтбуат саһасида бизниң немимиз бар? Уйғур дәвасини Қирғизстан уйғурлириға йәткүзиватқан бирдин бир бу бизниң «Иттипақ» гезитимиз. Бизниң кимлигимизни, тарихимизни, әдәбиятимизни, мәдәнийитимизни қайси гезит тонуштуриватиду?

«Иттипақ» гезити тонуштуриватиду!

«Иттипақ» гезитиға йезилмисақ, «Иттипақ» гезитини сақлап қалалмисақ, қандақ биз өзимизни уйғур дәп һесаплаймиз?!

Яшларға, балилиримизға, нәврилиримизгә қандақ биз үлгә болалаймиз?! Гезит-хәлиқниң, жамаәтниң басма сөз авази.

Биз «Иттипақ» гезитини сақлапла қалмай, униң нусхисини қолимиздин кәлгичә көпәйтишимиз керәк.

Қиммәтлик Қирғизстан уйғурлири, өзимизниң уйғурлиғимизни, вәтәнпәрвәрлигимизни көрситип, ана тилимизда чиқиватқан гезитимизгә көплән йезилишимиз керәк!

***Чуй вилайити, Иссиқ - Ата наһийәси, Ново-Покровка йезисиниң уйғур жамаәтчилиги намидин: жигитбеши Гәйрәт Җаһанов***

## «Иттипақ» гезитини қоллап - қувәтләйли



Хельчәм Ибдиминова

Қирғизстанимиздики һөрмәтлик уйғур қериндашлар! Ахирқи пәйттә бизниң, балилиримизни, нәврилиримизни уйғурлар зич җайлашқан мәктәпләрдә уйғур тилини үгүниш үчүн синипларни ечиш тоғурлуқ көп сөзләр болуватиду. Мана мошу мәсилиләргә гезит мәсилисиму қошуливатиду. Қирғизстанда 27 жил бойи бирла уйғур тилида чиқиватқан «Иттипақ» гезитимиз бар. Бу гезитимиз бизниң Ана вәтән – Уйғуристанда болуватқан ечинарлиқ әһвал, хәлқимизниң тарихи вә хәлиқара мәйданда Дуния уйғур курултейиниң паалийәтлирини үзлүксиз бесип кәлмәктә. Шуни тәкитләп өтүш керәкки, уйғурлар сан җәһәттин Қирғизстан бойичә 60 миң адәмни тәшкил қилиду. Шундақ екән, биз келәчәктә өзимизниң ана тилимизни, мәдәнийитимизни, уйғурлиғимизни сақлап қелишимиз керәк. Шуниң үчүн биз немә қилишимиз керәк? дегән соал туғулиду. Һазирқи күндә биздә балилиримизни, нәврилиримизни уйғур тилини үгинидиған бирму синип, яки бирму курслар йоқ, мәдәнийәт мәркизимиз йоқ! әнди биз «Иттипақ» гезитимизгә кәлсәк, бу йәрдиму чоң мәсилиләр болуватиду, айрим уйғурлиримиз бу мәсилигә бепарва қараватиду, гезитимизгә йезилиштин баш тартиватиду.

Бу 16 бәтлик гезитимизниң 8 бетидә вәтинимиз – Уйғуристандики хәлқимизниң еғир әһвали, хәлқимиз тоғрисида тарихий мақалилар вә Дуния уйғур курултейиниң хәлиқарадики паалийәтлири даима бесилип кәлмәктә.

Биз, чоң әвлат, яшлиримизгә үлгә болушимиз керәк, Қирғизстанда бирдин бир уйғур тилида чиқиватқан, хәлқимизниң дәвасини қиливатқан «Иттипақ» гезитимизни сақлап қелишимиз керәк. Өзимизни һәқиқий уйғур дәп һесаплисақ, һәммимиз күч чиқирип «Иттипақ» гезитимизгә йезилишимиз керәк!

**Хельчәм Ибдиминова**
***Бишкәк шәһири,ТЭЦ мәһәллиси Аяллар кеңишиниң рәиси***

## Да, нужна нам газета на родном языке!



Гульзара Мурдинова

Здравствуйте, уважаемая редакция газеты «Иттипак».

Прочитав статью магистра политических наук, старшего преподавателя Бишкекского госуниверситета им. К. Карасаева Абдурахима Хапизова «Нужна ли нам газета на родном языке?», опубликованную в газете «Иттипак» №1 за январь 2021 года, я приняла близко к сердцу затронутую тему и решила написать, если и не ответ на вопрос, то хотя бы выразить свое мнение.

В статье затрагивается важная и актуальная тема - подписка на общественно-политическую газету Общественного объединения уйгуров КР«Иттипак». Автор статьи глубоко изучил проблему и сделал подробный анализ.

Абдурахим Аубахриевич ознакомил читателей, о чем пишут на страницах газеты, какие статьи и очерки публикуются. Это политические новости, как Кыргызстана, так и зарубежных стран. Это страницы истории уйгурского народа.

Автор констатирует факт наличия проблемы, анализируя причины снижения тиража газеты «Иттипак».

Так нужна ли нам газета на родном языке?

Я считаю - да, нужна. Чтобы знать, сохранить и развивать родной язык, не потерять культурное своеобразие, культурное и духовное наследие.

На страницах газеты можно увидеть статьи, напечатанные на русском языке, а также на уйгурской вязе и кириллице.

Многие из наших соотечественников не знают историю уйгурского народа.

Появляется много вопросов. Я сформулировала только два:

1. Молодежь, особенно русскоязычные уйгуры, где могут прочитать, и изучать историю уйгурского народа?
2. Как надо повлиять на сознание нашего народа?

Ответ на эти вопросы - один, только на страницах нашей газеты.

Автор говорит, что многие ссылаются на интернет-ресурсы. Но...

Опять же возникает это «но». Куда же без «оного»? Открыв какой-нибудь сайт (внимание неустойчиво), вы перескакиваете на другой сайт и другую тему. Разве не так?

На страницах газеты мы узнаем о многом: об архитектуре, о выдающихся людях, об уйгурских ученых, художниках, историках и врачах, о зодчих и воинах, о кузнецах и мастерах и мн. др.

Абдурахим Аубахриевич пишет «*...мы должны стремиться к знаниям, повысить свой политический и культурный уровень, быть патриотом...*».

Я согласна с его мнением.

Газета была популярна среди старшего поколения. Я помню, любила слушать чтение тети Айши (моя чон апа) на уйгурском языке.

В те годы тираж и рейтинг газеты был высок.

Хотелось бы, чтобы на страницах газеты печатались рассказы и повести уйгурских писателей на кириллице.

*Хочу, пожелать сотрудником редакции газеты «Иттипак», крепкого здоровья, творческих успехов.*

***С уважением***
***Гульзара Мурдинова,***
***учитель русского языка школы-гимназии №2 с. Лебединовка.***

**Иттипак**

**Главный редактор:** باش مۇھەررىر:
*Акбаржан Баудунов* ئەكبەرجان باۋۇدۇن

**Зам. редактора:** مۇئاۋىن مۇھەررىرلەر:
*Абдурахим Хапизов* ئابدۇرەخىم ھاپىزى
*Осман Турдиев* ئۇسمان تۇردىيېۋ

**Редколлегия:** تەھرىر ھەيئىتى
*Музаппархан Курбанов* مۇزەپپەرخان قۇربانوۋ
*Мухаммеджан Ясынов* مۇھەممەتجان ياسىنوۋ
*Сабиджан Бабаджанов* سابىتجان باباجانوۋ

**Дизайнер - верстальщик:** دىزاينېرى - ۋېرستالشىكى:
*Зумрат Рузиева* زۇمرەت رۇزىېۋا

**Набор текста:** تېكستنى نابور قىلغان:
*Зумрат Рузиева* زۇمرەت رۇزىېۋا

Материалы, опубликованные в газете, являются собственностью редакции. Письма, рукописи не рецензируются и не возвращаются. Авторы опубликованных материалов несут ответственность за подбор и точность приведенных фактов. Редакция может публиковать статьи в порядке обсуждения, не разделяя точку зрения автора. Отвественность за содержание статей и рекламы редакция не несет.

گېزىتىمىز سەھىپىلىرىدىكى ماتېرىئاللارنىڭ جاۋاپكەرلىگى مۇئەللىپ ئۈستىدە.

**Учредитель:**
**Общественное объединение уйгуров «Иттипак» Кыргызской Республики**

ساھىبى:
«ئىتتىپاق» جەمئىيىتى

**Свидетельство о перерегистрации 682, серия ГРП, номер 000833 Министерство юстиции КР**

**Отпечатано в типографии «Центр поддержки СМИ». Заказ №294, тираж 3300**

**г. Бишкек, АНК, Дом Дружбы, ул. Пушкина, 78**
**инд. :720040**
**Тел.: 62-04-50 66-40-04**

# Ана тил күнигә беғишланған байрам мурасими






19-феврал күни, Қирғизстан уйғурлириниң «Иттипақ» җәмийити уюштуруши билән «Ана тил» күнигә беғишланған «Уйғур мәдәнийәт фестивали» мурасими өткүзүлди. Мурасим Бишкәк шәһиридики «Ават» кафесида өтти. Мәзкур мурасимға Бишкәк шәһири вә Чуй вилайитиниң Ала-Тоо, Кәң-Булуң, Лебединовка, Восток, Фрунзе йезилардики, шундақла Тоқмақ вә Қара-Балта шәһәрләрдики мәктәпләрниң оқуғучилири қатнашти .

Мурасимниң асасий мәқсити-уйғур тилини сақлап келиш, умумлаштуруш, уйғур мәдәнийитини вә тилини үгинишкә һәрикәтләндүргүч күч бериштин ибарәт. Мәзкур мурасимға үч яштин он төрт яштики балилар қатнашти.

Паалийәт давамида уйғур тилида әнъәнивий нахшилар вә миллий уссуллар орунланди, Ана тил вә уйғур хәлқи тоғрисидики шеирлар, һәтта уйғур миллий гимни оқулди.

Зияритимизни қобул қилған баһалиғучилар өмигиниң әзаси Асийәм Моллабақиева яш қатнашқучиларниң уйғур тилида декламатсия қилғанлиғини ейтип, келәчәктә улар техиму өсүп ,уйғур хәлқини пәхирләндириду дегән үмүти барлиғини изһар қилди.

Мәзкур мурасимға қатнашқан Гүлбаһар ханим зияритимизни қобул қилип, бүгүнки өткүзүл «Уйғур мәдәнийәт фестивали» мурасими чоң әһмийәткә егә екәнлигини тәкитлиди.

Шуни тәкитләп өтүш керәкки, Қирғизстан мәктәплиридә уйғур тили синиплири йоқ. Әмма, шундақ болсиму, уйғур муәллимләр балиларға уйғур тилида шеирларни ядилитип, уларниң уйғур миллий кимлигини унутмаслиғи үчүн уйғур балилирини мәзкур мурасимға башлап әкәлди. Улар «Лебединовка» йезиси мәктивидики математика муәллими Рәйһан Мусаханова вә «Восток» йезисиниң мәктивидики рус тили муәллими Рәна Қасимовалардур. «Восток» йезисидин кәлгән Саадәт Сәлимова Албара Әхмәтова, Айша Хакимбаева, Хамзат вә Билал Абдуллаевлар шеирларни һәм уссуларни тамашибинларниң қизғин алқишлириға еришти.




















«Уйғур мәдәнийәт фестивали» икки саәттин ошуқ давам қилди вә наһайити яхши кәйпиятта өтти. Паалийәт давамида Ихсан Әбдурәимов «Хәлқимниң зари» нахшисини орунлиди, Бишкәк шәһиридин «Севим», Қара-Балта шәһиридин «Сәнәм», Фрунзе йезисидин «Келәчәк» уссул ансамбллири вә Ново-Покровка йезисидики мәктәпниң оқуғучиси Руфина Насирҗанова уйғур миллий уссуллирини орунлиди. Һәрбир қатнашқучиға уйғур допписи, уйғур көйниги вә уйғур миллий рәсимлири совға қилинди. Фрунзе йезисидики «Келәчәк» уссул групписиға сәһнә кийими тәқдим қилинди

Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» җәмийити Аяллар комитетиниң рәиси Турсунай Ислам ханим зияритимизни қобул қилип, мошу мәрикә қатнашқучиларға тәшәккүр билдүрүп, мурасим өз мәқситигә йәткәнлигини тәкитлиди.

Ана тил күнини хатириләш мурасимлири йәнә Җалал-Абад вә Ош шәһәрлиридиму уюштурулди. Қирғизстанниң һәркайси йеза-шәһәрлиридә уюштурулған Ана тил байримиға уйғур җамаити активлиқ билән қатнишип, көргәзмиләрни уюштурушти.

Қирғизстанда һөкүмәт мәлумати бойичә 60 миңға йеқин уйғур яшайду. Әмма уларниң сани буниндин көп екәнлигиму ейтилиду. Бирақ, Қирғизстанда бүгүнки күндә бирму мәхсус уйғур мәктиви йоқ. Уйғур балилири өз ана тилини өйдә, бәзи муәллимләрдин вә иштин сиртқи курслардин үгүнүп кәлмәктә. Ош вә Җалал-абад қатарлиқ җайлардики зор сандики уйғурларниң пүтүнләй өз тилини йоқитип, асасән өзбәкилишип кәткәнлиги һәммимизгә мәлум.

**Ферузә**

**Абдурәхим Һапизиниң фотолири**












# Қирғизстанда «Ғулжа вақиәси» ниң 24 жиллиғи хатириләнди

Қирғизстандики уйғур җамаити 5-февраль күни Бишкәк шәһириниң Аламедин-1 мәһәллисидә җәм болуп, 1997-жилидики «5-феврал Ғулжа вақиәси» ниң 24 жиллиғини хатириләди.

Мәзкур паалийәт Қирғизстан уйғурлириниң «Иттипақ» җәмийити вә Дуния уйғур қурултейиниң Қирғизстандики вәкиллириниң һәмкарлиғида уюштурулди. Жиғинға Бишкәк шәһири вә униң әтрапидики йеза-районлардин кәлгән көплигән җамаәт вәкиллири қатнашти.




Хатириләш паалийити Қирғизстан җумһурийитиниң дөләт гимни вә Шәрқий Түркистан миллий марши билән башланди. Андин «5-феврал Ғулжа вақиәси» дә һаятидин айрилған шеһитларға атап қурьан-тилавәт қилинди.

Мәзкур паалийәткә Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» җәмийитиниң рәиси Әсқәр Қасими риясәтчилик қилди. У жиғин әһлигә салам йоллап, «Иттипақ» гезитиниң баш муһәррири Әкбәрҗан Бавдунни доклад қилишқа тәклип қилди. Әкбәрҗан Бавдун әпәнди 1997-жили Ғулжа шәһиридә йүз бәргән қанлиқ қирғинчилиқ һәққидә қисқичә тохтулуп өтүп, вә шу шәһәрдә уйғур яшлириға тәлим-тәрбийәни күчәйтиш үчүн «Или мәшрипи»ни тәшкиллигән Абдухелил Межит вә Абдумежит һәмраһлар һәққидә тәпсилий тохтилип өтти. У сөзидә «Хитай һакимийитиниң зораванлиқ сәяситиниң қурбанлири болған уйғур жигитлири һеч қачан унтулмайду», деди.

У өз докладиниң ахирида Қирғизстандики уйғур җамаити намидин Хитай һакимийитиниң уйғур диярида жүргүзүватқан этник қирғинчилиқ сәяситини қаттиқ әйиплиди.

Паалийәт давамида йәнә лагерлар, «корона-вирус» вә уйғур хәлқиниң бүгүнки вәзийити мәсилисиму тилға елинди. Дуния уйғур қурултейиниң иш-паалийәтлири тонуштурулди. Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» җәмийитиниң сабиқ рәиси Дилмурат Әкбәров зияритимизни қобул қилип «5-феврал Ғулжа вақиәси» уйғур тарихида унтулмайдиған бир вақиә дәп тәкитләп, бүгүнки күнләрдә уйғур аммивий җәмийәтлири вә тәшкилатлириниң лагерлар мәсилисини һәл қилиш һәм уйғурларға дуч келиватқан бастурушларни ахирлаштурушта қандақ тәдбирләрни қилиш һәққидә өз көз қарашлирини оттуриға қойди.

Дилмурат әпәнди йәнә уйғурларға дуч келиватқан бастурушниң «иркий қирғинчилиқ», йәни «геноцид» екәнлиги Европа дөләтлири вә башқа әлләр тәрипидинму худди Америка һөкүмити бекиткәндәк бекитилсә, буниң уйғурлар үчүн муһим әһмийәткә егә болидиғанлиғини билдүрди. Ихтиярий сөзгә чиққан Ново-Покровка йезисиниң жигитбеши Ғәйрәт Җаһанов муһаҗирәттики уйғурларниң узун жиллардин буян бешидин көчүрүватқан һәсрәтлириниң ахирлишидиған вақти кәлгәнлигини тәкитләп өтти.

Мәзкур жиғинға қатнашқан сәясий мәсилиләр тәтқиқатчиси, «Иттипақ» гезити муһәрририниң орунбасари Рәхимҗан Һапизи зияритимизни қобул қилип, «5-феврал Ғулжа вақиәси»ниң уйғур мәсилисини Хитайнин ички иш-



лиридин хәлиқара сәһнисигә елип чиққанлиғини илгири сүрди.

Қирғизстанниң җәнубидики Җалал-Абад шәһиридики Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» җәмийитиниң шөбә рәиси Розиахун Курбановниң уюштуруши билән вә униң риясәтчилигидә «5-феврал Ғулжа вақиәси» Җалал-Абад шәһиридиму хатириләнди. Җалал- Абад шәһиридики уйғур җамаитиниң актив паалийәтчиси Хуршидәм Курбанова ханим 5-феврал қанлиқ қирғинчилиғи тоғрисида тәпсилий доклад бәрди.

Егилишимизчә, Қирғизстан уйғурлириниң бәзи паалийәтләрни уюштуруши чәкләнгән болсиму, лекин уйғур хәлқиниң тарихий вақиәләрни хатириләш паалийәтлири, җүмлидин «5-феврал Ғулжа вақиәси», «Барин вақиәси», «Уйғур миллий армия күни», 5-июль Үрүмчи қанлиқ қирғинчилиғи «Икки җумһурийәт байрими» вә башқа аммивий жиғинлири йәнила әзара уюштурулуп кәлмәктә. Уйғур тилида нәшир қилинидиған «Иттипақ» гезити мундақ мәсилиләр һәққидә вә уйғур тили, мәдәнийитини сақлап қелишқа аит мақалиләрни давамлиқ елан қилмақта.

**Ферузә.**

**Абдурәхим Һапизиниң фотолири**

# 5 ФЕВРАЛЬ – ҚАНЛИҚ ПАҖИӘ КҮНИ ХАТИРЛӘНДИ

*Бу жил миллий азатлиқ күрәш тарихимизда «Ғулжа қанлиқ қирғинчилиғи» дәп нам алған хитай таҗавузчилириға қарши қанлиқ вақиәгә 24 жил толди. Шу күнни хатирләнди һазирқи күнләрдә мумкинчилик*





*яр бәрмисиму, Алмута җамаәтчилиги һәр қайси җайларда айрим һалда нишанлиди. Көрнәклик сәясәтчи Қәһриман Ғоҗамбәрди вә ДУҚниң иҗраий мудириниң Қазақстандики орунбасари Әркин Әхмәтов йетәкчилигидә, Дилнур Қасим вә Зәйнән Исламова башчилиғида паалийәтчи аяллар, Челәктә ДУҚ әзаси Сәдирдин Аюпов йетәкчилигидә Вәтән, хәлқимизниң азатлиғи үчүн иссиқ қанлирини вә әзиз җанлирини айимиған батур шейитлиримизниң роһиға атап хәтмә қурьан қилинди. Шу җәриянда хәлиқарадики уйғурларға мунасивәтлик хәвәрләр музакирә қилинди. Қәһриман батурлиримизниң көрсәткән җасарәтлири яш әвлатни вәтәнпәрвәрлик роһта болушқа дәвәт қилиду.*

***НАИЛӘМ ТУРСУН,***
***Алмута шәһири***

## 5-فېۋرال غۇلجا ۋەقەسىنىڭ 24يىللىغى مۇناسىۋىتى بىلەن ئىستانبۇلدا ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىلدى

مەركىزى ئىستانبۇلدىكى خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن ئۇ ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا، شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى نۇرىددىن ئىزباسار، خەلقئارا مۇساپىرلار ھەق-ھوقۇقلىرىنى قوغداش جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئادۋوكات ئىبراھىم ئەرگىل، شەرقىي تۈركىستان نۇزۇگۇم جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى مۇنەۋۋەر ئۆزئۇيغۇر، ئونبەشىنچى نويابىر قىبرىس ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى دوكتۇر شەۋكەت ناسىر ۋە شەرقىي تۈركىستان




ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىس ۋەكىلى مەخمۇتجان داموللام قاتارلىقلار سۆز قىلىپ، 5-فېۋرال غۇلجا ۋەقەسى ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى توغرىسىدا توختالدى.

ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا ئالدى بىلەن دوكتورانت نۇرىددىن ئىزباسار ئەپەندى غۇلجا ۋەقەسىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى ۋە باستۇرۇلۇش جەريانلىرى توغرىسىدا توختالدى ۋە «تۈرك-ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ قەدىمي ۋە ئەڭ مۇھىم مەركىزى بولغان شەرقىي تۈركىستان ئۆلۈم يۇرتىغا ئايلاندى،» دېدى.

نۇرىددىن ئىزباسار سۆزىنىڭ ئاخىرىدا يەنە تۈركىيە بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان جىنايەتچى ئالماشتۇرۇش كېلىشىمىنى پارلامېنت تەرىپىدىن تەستىقلىماسلىقتا، كۆنتەرتىپكە كەلتۈرمەسلىككە ۋە تامامەن ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىشكە چاقىرىق قىلدى.

يىغىنىڭ داۋامىدا يەنە خەلقئارا مۇساپىرلار ھەق-ھوقۇقلىرىنى قوغداش جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئادۋوكات ئىبراھىم ئەرگىن سۆز قىلىپ، ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان ھەق-ھوقۇق دەپسەنچىلىكلىرى توغرىسىدا توختالدى.



ئىبراھىم ئەرگىل ئەپەندى مۇنداق دېدى: «ئۇيغۇرلار قەشقەرنى ‹كاشى› دېمىگەنلىكى ئۈچۈن خىتاي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن ‹تېرورچى› دەپ ئەيىپلىنىۋاتىدۇ، ئۇيغۇرلار ئۆز ۋەتىنىنىڭ نامىنى شەرقىي تۈركىستان دەپ ئاتايدۇ، ئامما خىتاي بۇلارنى ‹تېرورچى› دەپ قارايدۇ. خىتاي ئۇ يەردىكى ئىنسانلارنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن جەھەتتە جىنايەت سادىر قىلىۋاتىدۇ. بىز بۇ ھەقتە تولۇق مەلۇمات ئالالمايۋاتىمىز، ئامما يېقىندىن بۇيان لاگېردىن قۇتۇلۇپ چىققان شاھىتلاردىن بۇ مەسىلە توغرىسىدا مەلۇمات ئاڭلاۋاتىمىز. بىز ئۇ شاھىتلارنىڭ ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىدىن سىياسىي پاناھلىق تەلەپ قىلغان ئىشلىرىغا ياردەمچى بولۇۋاتىمىز. خىتاينىڭ جىناتچى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ جىنايەتلىرىگە ئالاقىدار دەلىل توپلاپ خەلقئارا سوت مەھكىمىسىگە ئەرز سۇنۇش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋاتىمىز. بىز بۇ زۇلۇمغا بىر كۈنى چوقۇم خاتىمە بېرىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشچانلىقىمىزنى داۋام قىلىمىز.»

نۇرىددىن ئىزباسار ئەپەندى ئاخىرىدا بۇ يىغىندا ئوتتۇرىغا قويغان مۇھىم نۇقتىلارنى يىغىنچاقلاپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى توختىتىش ئۈچۈن پۈتكۈل دۇنيا جامائىتىنى، ئىسلام ۋە تۈرك دۇنياسىنى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈشكە، ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى توختىتىش ئۈچۈن جىددىي قەدەملەر ئېلىشنى چاقىرىق قىلغانلىقىنى تەكىتلىدى.

ئارسلان

## غۇلجا ۋەقەسىنىڭ 24 يىللىغى مۇناسىۋىتى بىلەن ئاۋستىرالىيەنىڭ ئادېلايد ۋە سىدنېي شەھەرلىرىدە نامايىش ئۆتكۈزۈلدى

غۇلجا ۋەقەسىنىڭ 24 يىللىغى مۇناسىۋىتى بىلەن 4-فېۋرال كۈنى ئاۋستىرالىيەنىڭ سىدنېي شەھىرىدە، 5-فېۋرال كۈنى ئادېلايد شەھىرىدە نامايىش ئۆتكۈزۈلدى.

سىدنېيدىكى ئاۋستىرالىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى مەمەت ئۇبۇل ئەپەندى بىلدۈرۈشىچە، غۇلجا قىرغىنچىلىقىنى خاتىرلەش ئۈچۈن 4-فېۋرال كۈنى سىدنېيدىكى ئۇيغۇرلاردىن 30 دىن ئارتۇق كىشى خىتاي كونسۇلخانىسى ئالدىغا جەم بولۇپ، نامايىش ئېلىپ بارغان. بۇ نامايىشقا سىدنېيدىكى خىتاي دېموكراتچىلارنىڭ 10 نەپەر ۋەكىلمۇ قاتنىشىپ، قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن.

مەمەت ئۇبۇل ئەپەندى غۇلجا ۋەقەسىنى خاتىرلەش، ھازىر ئۇيغۇر دىيارىدا خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقلىرىنى پاش قىلىش ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاۋستىرالىيە ھۆكۈمىتىگە بولغان تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش مەقسىتىدە بۇ نامايىشنى ئۇيۇشتۇرغانلىقىنى بىلدۈردى.

مەمەت ئۇبۇل ئەپەندى نامايىش جەريانىدا ئاۋستىرالىيە ھۆكۈمىتىنىڭمۇ ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە ئوخشاش «ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇنى»نى چىقىرىشنى ۋە خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن يۈرگۈزىۋاتقان قىلمىشلىرىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئاۋستىرالىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى بەختىيار بۆرە ئەپەندىمۇ زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلىپ، سىدنېيدىكى نامايىش ھەققىدە مەلۇمات بەردى.

بەختىيار بۆرە ئەپەندى ئاۋستىرالىيە ھۆكۈمىتىنىڭ 5-فېۋرال غۇلجا ۋەقەسىدىن ئۇيغۇرلارغا قاراتقان سىياسەتلىرىنى ئۆزگەرتكەنلىكىنى، ئۇيغۇلارنىڭ ھەقىقىي زۇلۇمغا ئۇچرىغان بىر مىللەت ئىكەنلىگىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنى ھەمدە ئىچكى جەھەتتىن كۆچمەنلەر ئىدارىسىدا ئالاھىدە سىياسەتلەرنى بېكىتىپ، ئۇيغۇر



كۆچمەنلەرنى ئاۋستىرالىيەگە قوبۇل قىلىش سىياسىتىنى بېكىتكەنلىكىنى بايان قىلدى.

5-فېۋرال غۇلجا ۋەقەسىنىڭ 24 يىللىغى مۇناسىۋىتى بىلەن ئاۋستىرالىيەنىڭ ئادېلايد شەھىرىدىكى ئۇيغۇرلارمۇ نامايىش ئېلىپ بارغان. نامايىشنى ئۇيۇشتۇرغان ئاۋستىرالىيە شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى نۇرمۇھەممەد تۈركىستانى بۇ ھەقتىكى زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلىپ، بۇ نامايىشنىڭ جەريانى ھەققىدە مەلۇمات بەردى.

ئىگىلىنىشىچە، بۇ نامايىشقا ئادېلايد شەھىرىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلاردىن ئەر-ئايال ۋە كىچىك بالىلار بولۇپ 30 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشقان. بۇ نامايىشقا بىر قىسىم پارلامېنت ئەزالىرى، سىياسىيونلار ۋە خوڭكوڭلۇقلارمۇ قاتنىشىپ قوللىغان.

نامايىشچىلار ئاۋستىرالىيە ھۆكۈمىتىدىن يېقىندا خەلقئارا ئاخباراتلاردا ئېلان قىلىنغان ئۇيغۇر ئاياللارنىڭ لاگېر ۋە تۈرمىلەردە خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن ئاياغ ئاستى قىلىنغانلىقى توغرىسىدىكى ئاچچىق رىئاللىقنى خەلقئارا جەمئىيەتلەرگە ئاڭلىتىشنى تەلەپ قىلغان. نۇرمۇھەممەد تۈركىستانى يەنە ئاۋستىرالىيە باش مىنىستىرى ۋە ئاياللار ئىشلىرىغا مەسئۇل مىنىستىرغا خىتاپ قىلىپ، ئاۋستىرالىيە ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزىۋاتقان قىرغىنچىلىقىغا كۆز يۇمماسلىقىنى، خىتاينىڭ ئاۋستىرالىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسىنى دەرھال چاقىرتىپ، ئۇنىڭدىن بۇ ۋەقەلەرگە جاۋاپ بېرىشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئارسلان

## بىلىنكېن ياڭ جيېچىغا ئامېرىكانىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى ھىمايە قىلىشنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتقان



ئامېرىكانىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك دىپلوماتى ئانتونىي بىلىنكېن خىتاي دىپلوماتى بىلەن بولغان تۇنجى قېتىملىق تېلېفون سۆھبىتىدە ئامېرىكانىڭ ئۇيغۇر مەسىلىسىدىكى مەيدانىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى ھىمايە قىلىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىگىنىڭ بۇ ھەقتىكى باياناتىغا قارىغاندا، ئانتونىي بىلىنكېن ئامېرىكانىڭ مەزكۇر مەسىلىدىكى مەۋقەسىنى 5-فېۋرال خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزى كومىتېتى تاشقى ئىشلار خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ياڭ جيېچى بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشكەندە ئوتتۇرىغا قويغان.

باياناتتا مۇنداق دېيىلدى: «تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بىلىنكېن ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭ، تىبەت ۋە خوڭكوڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رايونلاردىكى كىشىلىك ھوقۇق ۋە دېموكراتىك قىممەت قاراشلىرىنى ھىمايە قىلىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.»

بىلىنكېن بۇ ھەقتە تارقاتقان تۋىتتېر ئۇچۇرىدا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: «مەن بېيجىڭدىكى كەسىپدىشىم ياڭ جيېچى بىلەن ئۆتكۈزگەن تېلېفون سۆھبىتىدە، ئا ق ش نىڭ مىللىي مەنپەئەتلىرىمىزنى قوغدايدىغانلىقىنى، دېموكراتىك قىممەت قاراشلىرىمىزنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى ۋە خەلقئارا سىستېمىنى سۇيىئىستېمال قىلغانلىقى سەۋەبلىك بېيجىڭنى جاۋابكارلىققا تارتىدىغانلىقىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدۇم.»

ئانتونىي بىلىنكېن ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپ تۇنجى ئۆتكۈزۈلگەن ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى قايتا تەكىتلىگەن ۋە «مېنىڭ ‹ئۇيغۇرلارغا قارشى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ› دېگەن ھۆكۈمۈم يەنىلا ئەسلىدىكىدەك. ئۇنىڭدا ئۆزگىرىش بولغىنى يوق،» دېگەن ئېدى.

ئامېرىكىنىڭ سابىق تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مايك پومپېيو 19-يانۋار ئېلان قىلغان باياناتىدا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» ۋە «ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت» سادىر قىلىۋاتقانلىقىنى جاكارلىغان ئىدى.

مەمەتجان جۇمە

## ئەنگلىيە 3 خىتاي جاسۇسىنى قوغلاپ چىقارغان

ئەنگلىيە ئەمەلدارىنىڭ ئېيتىشىچە، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى يېقىنقى 12 ئاي ئىچىدە مۇخبىر سىياقىغا كىرىۋالغان ئۈچ نەپەر خىتاي جاسۇسىنى ئەنگلىيەدىن قوغلاپ چىقارغان.

ئەنگلىيە «تېلېگراف گېزىتى»نىڭ خەۋەر قىلىشىچە، بۇ ئۈچ كىشى ئەسلى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىگىنىڭ خادىملىرى بولۇپ، ئامما ئۇلار ئۆتكەن ئۈچ يىل مابەينىدە ئەنگلىيەگە مۇخبىرلىق ۋىزىسى بىلەن كەلگەن ئىكەن.

ئۇلارنىڭ ھەقىقىي سالاھىيىتى ئەنگلىيە جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش ئورگىنى MI5 تەرىپىدىن بايقالغان ۋە ئۇلار ئەنگلىيەدىن جىمجىت ھالدا قوغلاپ چىقىرىلغان. ھالبۇكى خەۋەردە بۇلارنىڭ كىملىكى ئاشكارىلانمىغان.



ئەنگلىيە ئەمەلدارلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ خىتاي جاسۇسلىرى ئەنگلىيەنىڭ سودا مەخپىيەتلىگىنى نىشان قىلغان ئېكەن.

بۇ ھەپتىنىڭ بېشىدا، ئەنگلىيە دائىرىلىرى خىتاي دۆلەت ئىگىدارلىغىدىكى خەۋەر تورى CGTN نىڭ تارقىتىش ئىجازەتنامىسىنى بىكار قىلغان ئېدى.

مەمەتجان جۇمە

## Дуния уйғур қурултейиниң 3 жиллиқ паалийити

6-февраль күни чақирилған Д У Қниң тор арқилиқ өткәзгән умумий кеңәш жиғинида ДУҚниң 3 жил җәриянида қилған хизмәтлири кәң хәлиқ аммисиға аңлитилди.

ДУҚ рәиси Долкун Әйсаниң бәргән мәлуматлириға қариғанда, Д У Қ әслидә 7-нөвәтлик курултейини өткән жили 11-айда чақиришни планлиған болуп, Хитайдин тарқалған коронавирусиниң дунияда ямрап кетиши сәвәплик алдин орунлаштурулған бу план әмәлдин қалдурулған. Шуңа Д У Қ 6-февраль күни тор арқилиқ умумий жиғин чақирип, 3 жиллиқ хизмәт докладини бәргән. ДУҚ рәһбәрлири ДУҚниң һәр қайси дөләтләрдики вәкиллири, курултайға әза тәшкилатлар билән курултайни изчил һалда қоллап келиватқан тәшкилатларниң мәсъуллири, лагерь шеһитлири, ДУҚниң қоллиғучилиридин болуп 20 дөләттин 200 әтрапида киши қатнашқан умумий кеңәш жиғини Шәрқий Түркистанниң истиқлал марши билән башланған.



Д У Қниң муавин рәиси Пәрһат Муһәммәт әпәнди телефон зияритимизни қобул қилип жиғин һәққидә қисқичә мәлумат бәрди.

Д У Қ Иҗраийә комитетиниң рәиси Өмәр Қанат әпәнди риясәтчилик қилған жиғинда алди билән Д У Қ рәиси Долкун Әйса әпәнди курултайниң 3 жиллиқ паалийәтлиридин доклад берип өткән. Арқидин Америка, Канада, Оттура Асиядики Түркий жумһурийәтлири, Европа дөләтлири в ә Әнглия қатарлиқ дөләт вә районларда туруватқан Д У Қ вәкиллири өзлири туруватқан дөләтләрдә елип барған паалийәтлири тоғрисида докладларни бәргән. Долкун Әйса әпәнди 2017-жили ноябрь ейида Мюнхенда өткүзүлгән 6-нөвәтлик курултайда Д У Қ рәиси болуп сайланғандин кейин елип берилған паалийәтләрни 15 нуктиға ихчамлап аңлатқан. У бу һәқтә мәлумат бәрди.

Долкун Әйса әпәнди 2017-жилидин 2020-жилиғичә Д У Қ вә уни қоллаватқан тәшкилатлар, гуваһлиқ бәргүчиләр вә кәң уйғур хәлқиниң тиришчанлиғи билән зор мувәппәқийәтләрни қолға кәлтүргәнлигини баян қилди.

Жиғинниң күн тәртиви бойичә Д У Қниң Әнглиядики вәкили, Д У Қ Лондон ишханисиниң мәсъули Рәхимә Махмут ханим доклад бәрди. У докладида Әнглиядә Д У Қниң ишханиси ечилиштин бурун 30-40 парламент әзаси уйғур мәсилисини тилға еливатқан болса, бүгүнки күндә 650 парламент әзасиниң көпинчисиниң уйғур мәсилиси һәққидә пикир баян қиливатқанлиғини илгири сүрди.

6-февраль күни чақирилған ДУҚниң умумий кеңәш жиғинида ДУҚниң Қазақстандики вәкили Қәһриман Ғожамбәрди әпәнди Қазақстан вә Қирғизстанда елип берилған паалийәтләр тоғрисида доклад бәрди. У докладида алди билән Қазақстанда 63 уйғур мәктиви, бир театр барлиғини, кейинки жилларда Қазақстан вә Қирғизстанда Хитайниң тәсири күчийиватқан болсиму, намайиштин башқа барлиқ паалийәтләрни өткүзүп келиватқанлиғини тәкитлиди.

Жиғинда ДУҚ ниң дәва программисиниң йетәкчиси Зумрәтай Әркин ханим Бирләшкән Дөләтләр Тәшкилатида елип берилған паалийәтләр тоғрисида, Д У Қниң Европа Иттипақидики вәкили Коен Стоп әпәнди болса Д У Қниң Европа парламентидики паалийәтлири тоғрисида доклад бәрди. Жиғинда Д У Қниң һазир хәлиқаради 230 дин артуқ кишилик һоқуқ тәшкилатлири, 70 тин артуқ уйғур тәшкилатлири билән иш бирлиги елип бериватқанлиғи, буниңдин кейин бу һәмкарлиқни техиму күчәйтидиғанлиғини оттуриға қоюлди.

Д У Қ умумий кеңәш жиғининиң давами 13-февраль күни ечилидиған болуп, жиғинда буниңдин кейин қилидиған паалийәтләрниң плани тоғрисида музакирә елип берилиду.

**Әркин Тарим**

## Долкун Әйса: «5-феврал Ғулжа қирғинчилиғи» ни хатириләш арқилиқ яш әвлатларни тәрбийәләймиз

Дуния уйғур курултейи «5-феврал Ғулжа қирғинчилигиниң 24-жиллиғини хатириләш» жиғинини чақирди. Жиғинда «5-феврал Ғулжа вақиәси» ниң келип чиқиш сәвәблири, ечинишлиқ җәрияни вә йеңи оттуриға чиққан мәлуматлар оттуриға қоюлғандин сирт, мутәхәссисләр мәзкур вақиәгә жуқири баһа берип өтти.



Дуния уйғур курултейиниң рәиси Долкун Әйса әпәнди бу қетимқи доклад бериш жиғинида «5-феврал Ғулжа вақиәси» дә һаятидин айрилип қалған шеһитларниң роһи билән яш әвлатларни тәрбийәләш мәқситидә бу жиғинни ачқанлиғини, мувәппәқийәтлик өткәнлигини билдүрди.

5-феврал күни ДУҚ ниң муавин рәиси Пәрһат Юруңқаш әпәнди риясәтчилик қилған мәзкур тор муһакимә жиғинида ДУҚ рәиси Долкун Әйса әпәнди, муавин рәиси доктор Әркин Әкрәм әпәнди, вақиәниң шаһитлиридин Бәхтияр Шәмшидин әпәнди, Абдушүкүр Таш оғли вә язғучи Гүлшән Абдуқадир ханим қатарлиқ кишиләр Ғулжа вақиәси тоғрисида докладларни бәрди.

Пәрһат Юруңқаш әпәнди ечилиш нутқини сөзләп, «5-февраль Ғулжа вақиәси» ниң 24 жилдин буян йеқинқи заман уйғур тарихидики муһим вақиә сүпитидә хәлиқарадики орнини қоғдап келиватқанлиғини тәкитлиди.

«5 -феврал Ғулжа вақиәси» йүз бәргән мәзгилдә Ғулжида сақчи болуп вәзипә өтигән Бәхтияр Шәмшидин әпәнди Хитай һөкүмитиниң 1995-жили Ғулжида мәшрәпни чәклигәндин кейин Ғулжа яшлириниң 1995-жили 8-айниң 14-күни наразилиқ намайиши өткәзгәнлиги, бу вақиәниң чәт әлдә яхши билинмәйдиғанлиғини, буни Хитайниң қаттиқ қоллуқ билән бастурғанлиғини баян қилди.

Бәхтияр Шәмшидин әпәнди 1995-жили мәшрәп чәкләнгәндин кейин кишиләрниң мәхпий һалда мәшрәп өткүзүшкә башлиғанлиғини, 1997-жили йеңи жилдин башлап Хитайниң уйғур яшлирини тутқун қилишқа башлиғанлиғини, шуниң билән «5-феврал Ғулжа вақиәси» ниң партлиғанлиғини баян қилди.

Жиғинда Америкидики Уйғур кишилик һоқуқ курулушиниң мутәхәссиси Зубәйрә Шәмшидин ханимму сөзлиди. У, Ғулжа вақиәсидә шеһит болған һәдисиниң оғли Халмәт Муһәммәт билән укиси Сәдириддинниң техи 20 яшқа тошмай туруп һаятидин айрилип келишиниң өзигә еғир кәлгәнлигини, лекин пәхирлинидиғанлиғини оттуриға қойди.

Канадидики уйғур зиялийси, язғучи Гүлшән Абдуқадир ханимниң «5-феврал Ғулжа архивлири» намлиқ китави нәширдин чиққан. Гүлшән ханим докладида алди билән язған китави тоғрисида мәлумат бәрди.

Ғулжа вақиәси шеһитлиридин Абдушүкүр Таш оғли әпәнди Ғулжа вақиәсигә жуқири баһа бәрди.

1997-жили «5-феврал Ғулжа вақиәси» тоғрисидики синалғу көрүнүши Түркиядики АТВ қанилида көрситилгәндин кейин Түркияниң Истанбул вә Әнқәрә шәһәрлиридә миңлиған киши қатнашқан наразилиқ намайишлири өткүзүлгән еди. Мәзкур синалғу көрүнүши Европа дөләтлиридиму көрситилгәндин кейин Хәлиқара кәчүрүм тәшкилатиға охшаш кишилик һоқуқ тәшкилатлири уйғурлар тоғрисида мәхсус докладлар тәйярлиған. Мутәхәссисләр «5-феврал Ғулжа вақиәси» ниң Шәрқий Түркистан дәвасини Түркиядә жуқири пәллигә көтүргәнлигини, дәваниң хәлиқаралишишини тезләткәнлигини баян қилишмақта.

**Әркин Тарим**

## Әнглия адвокатлири Хитайниң уйғурларға қарита иރқий қирғинчилиғиниң испатлирини елан қилди

202-номерлиқ «Форбес» журнилиниң 8-феврал санида бәргән хәвиригә асасланғанда, Әнглиядики Ессекс сот мәһкимиси (Essex Court Chambers) ниң адвокатлири Хитайниң уйғурларға қарита зулумлириниң «инсанийәткә қарши җинайәт» вә «иރқий қирғинчилиқ» екәнлиги һәққидики қануний пикирини елан қилған.

Мәлум болушичә, Әнглия адвокатлири елан қилған бу қануний пикир мустәқил мутәхәссисләрниң кәспий һөкүми болуп, у қануний һөкүм ролини ойнамайду, лекин уни қануний һәрикәтниң асаси қилишқа болиду.

«Йәр шари қануний һәрикити» (GLAN) адвокатлиқ орни, Дуния уйғур курултейи вә Уйғур кишилик һоқуқ курулуши билән бирликтә баянат елан қилған болуп, улар адвокатларниң узун муддәт топлиған қануний дәлил-испатлириға асасән, хитай даирилириниң уйғурларға жүргүзүватқан бастуруш сәясити тоғрисида қануний йәкүнгә еришкәнлигини җакарлиған.



Әнглия парламентида ечилған жиғиндин көрүнүш.

Дуния уйғур курултейи Лондон ишханисиниң мудири Рәхимә Махмут ханим Әнглиядики бу қануний һәрикәт һәққидә қисқичә чүшәнчә бәрди: «Дуния уйғур курултейиниң бу адвокатлиқ орни билән болған һәмкарлиғи өткән жили Әнглияниң импорт-экспорт қилиш идарисиға сунған әризидин башланған еди. Бу парламентта авазға қоюлидиған ‹иրқий қирғинчилиққа мунасивәтлик түзитиш-киргүзүш лайиһәси› ниң мақуллуқтин өтүшидиму наһайити муһим рол ойнайду.»

Рәхимә Махмут ханим бу адвокатлиқ орни тәрипидин чиқирилған қарарниң 9-феврал күни Әнглия парламентида авазға қоюлидиған сода қанунининң уйғурларға алақидар «иրқий қирғинчилиққа мунасивәтлик түзитиш киргүзүш лайиһәси» гә көрситидиған тәсири һәққидә тохтилип, мундақ деди: «Бизни қоллайдиған партияләр ениқ. Лекин, қандақ қарар қилишни биләлмәй қалған парламент әзалири үчүн адвокатлиқ орни чиқарған қарарниң тәсири чоң болиду, дәп қараймән.»

9-феврал күни Әнглия парламент әзалири жуқири сотни иրқий қирғинчилиқ делолириға қарап чиқиш вә униңға алақидар қарарларни чиқириш һоқуқи билән тәминләйдиған «сода қануни лайиһәсидики иրқий қирғинчилиққа мунасивәтлик түзитиш киргүзүш лайиһәси» ни авазға қойиду. Бу тәшәббусни Әнглиядики нопузлуқ адвокатлар, Хәлиқара адвокатлар җәмийити, Кишилик һоқуқ институти вә Әнглия-Вәлис адвокатлар һоқуқи комитети қоллиған.

**Нуриман**

## ئاۋام پالاتاسى ئەزاسى مايكېل ماككول: خىتاي كومپارتىيەسى ئۇيغۇرلارغا قارشى ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلىۋاتىدۇ

ئاۋام پالاتاسى تاشقى ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەھبىرى، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ نوپۇزلۇق ۋەكىللىرىدىن بىرى مايكېل ماككول «ئىقتىسادشۇناس» گېزىتى 11 ـ فېۋرال ئېلان قىلغان «‹ئىرقىي قىرغىنچىلىق› دېگەن سۆزنى شىنجاڭدىكى ۋەھشىيلىكلەرگە ئىشلىتىش ناتوغرا» دېگەن ماقالىگە رەددىيە بېرىپ بىر بايانات ئېلان قىلدى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتقانلىقىنى «ب د ت ئىرقىي قىرغىنچىلىققا قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسى» دىكى ماددىلار ئارقىلىق شەرھلىدى.

«ئىقتىسادشۇناس» گېزىتى بىر نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ئېلان قىلغان بىر پارچە ماقالىسىدە، «خىتاينىڭ 1 مىليون ئۇيغۇرنى ‹كەسپىي تەربىيەلەش مەركەزلىرى› نامىدىكى تۇرمە لاگېرلىرىغا قامىغانلىقى، بىر قىسىم ئۇيغۇر ئاياللىرىنى مەجبۇرىي تۇغماس قىلغانلىقى، ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ قىرغىن قىلىنمىغانلىقى، شۇڭا ئۇ يەردە يۈز بېرىۋاتقانلارنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ ئاتاشقا بولمايدىغانلىقى» نى ئىلگىرى سۈرگەن.

ھالبۇكى، ئاۋام پالاتاسى ئەزاسى مايكېل ماككول بۇ ھەقتىكى باياناتىدا «ئىقتىسادشۇناس» گېزىتىنىڭ يېڭىلىشقانلىقىنى كۆرسەتتى ۋە «خىتاي كومپارتىيەسى روشەن ھالدا خۇددى ‹ئىرقىي قىرغىنچىلىققا قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسى› دە شەرھلەنگەندەك ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەت ۋە دىنىي ئاز سانلىقلارغا قارشى ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلىۋاتىدۇ»، دېدى.

ئۇ يەنە «ئىقتىسادشۇناس» نىڭ مەزكۇر ماقالىسى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاقىۋەتلەر ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: «خ ك پ (خىتاي كومپارتىيەسى) ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ بۇ ناتوغرا ماۋزۇسىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن باھانە قىلىپ ئىشلىتىدۇ. ئىشەنچلىك خەلقئارالىق ئاخبارات ۋاستىلىرى شىنجاڭدا يۈز بەرگەن دەھشەتلەرنى ئاشكارىلاشتا تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. بىرىنىڭ ئاشۇ دەھشەتلەرگە چاپان يېپىشقا ئۇرۇنۇشىنى كۆرۈش ئادەمنى بەكمۇ بىئارام قىلىدۇ».

ئۇ، «ب د ت ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئەھدىنامىسى» دىكى ماددىلارنى بىرمۇ ـ بىر مىسال كەلتۈرۈپ: «ئەھدىنامە تۆۋەندىكى ھەرىكەتلەرنىڭ ‹ھەر قانداق بىرى› ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى تەشكىل قىلىدۇ، دېيەلدى. ئىرقىي قىرغىنچىلىق بولۇش ئۈچۈن بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ يۈز بېرىشى شەرت ئەمەس. خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ قىلمىشلىرى ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىگە ماس كېلىدۇ»، دېدى.

ئۇ باياناتىدا خىتاي ئىمزا قويغان «ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى جازالاش ئەھدىنامىسى» دە ئىرقىي قىرغىنچىلىققا بېرىلگەن ئېنىقلىمىلارغا ئاساسەن ئۇيغۇرلارغا قارشى ئىشلىنىۋاتقان قىلمىشلارنى شەرھلەپ ئۆتتى.

باياناتتىكى مۇنازىرىدە «ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى جازالاش ئەھدىنامىسى» دە: «مىللىي، ئېتنىك، ئىرقىي ياكى دىنىي توپلۇقنى پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن يوقىتىش نىيىتى بىلەن قىلىنغان تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ ھەرقانداق بىرى...» نىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق شەكىللەندۈرىدىغانلىقى كۆرسىتىلدى.

باياناتتا بۇلارغا مىسال سۈپىتىدە مۇنداق دېيىلدى:

• «رەئىس شى جىنپىڭ خ ك پ (خىتاي كومپارتىيەسى) پارتىيە رەھبەرلىرىگە ئۇيغۇرلارغا قارىتا ‹ئۇلارغا ئوخشاش قاتتىق مۇئامىلە قىلىش ۋە قەتئىي رەھىم قىلماسلىق» نى بۇيرۇدى.

• «خ ك پ (خىتاي كومپارتىيەسى) نىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە خەلقىنى يوقىتىش ۋە ئۇلارنى ئىرادىسىگە قارشى ھالدا خىتاينىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە سىڭدۈرۈش مۇددىئاسى ئېنىق. خ ك پ (خىتاي كومپارتىيەسى) ئەمەلدارلىرى ئۇيغۇرلارنى ‹يامان سۈپەتلىك ئۆسمە› دەپ تەسۋىرلەپ، ئۇلارنىڭ ئېتىقادىنى



‹يۇقۇملۇق ۋابا› بىلەن سېلىشتۇردى. ھەمدە ‹ئېتىنزدىكى زىرائەتلەر ئارىسىغا يوشۇرۇنغان ئوت ـ چۆپلەرنى بىر ـ بىرلەپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلىيالمايسىز. ئۇلارنىڭ ھەممىسنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن خىمىيەلىك دورا پۈركۈش كېرەك، › دېدى»

باياناتتا خىتاي ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسەتلەر ئىرقىي قىرغىنچىلىققا بېرىلگەن ئېنىقلىمىلارنىڭ ھەربىر ماددىسىغا سېلىنىپ تۆۋەندىكىدەك مۇنازىرە قىلىندى:

• توپلۇق ئەزالىرىنى ئۆلتۈرۈش؛

• خەۋەرلەردىكى مەھبۇسلارنىڭ باياتلىرىغا قارىغاندا، يېڭى تۇغۇلغان ئۇيغۇر بوۋاقلىرى ئۆلتۈرۈلگەن.

• ئۇنىدىن باشقا، تۇتۇلغانلارنىڭ ئېيتىشىچە، غايىب بولغان ئۇيغۇرلار قايتا كۆرۈنمىگەن، ياكى ئۆلتۈرۈلگەن.

• توپلۇق ئەزالىرىغا جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئېغىر زىيان يەتكۈزۈش؛

• سابىق مەھبۇسلارنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، جازا لاگېرلىرىدىكى مۇئامىلە ۋە شارائىتلار «زاۋۇت ئەمگىكى، قىستاقچىلىق، مەينەت، يېمەكلىكتىن مەھرۇم قالدۇرۇلۇش، ئۇرۇش ۋە جىنسىي پاراكەندىچىلىك» قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.

• خ ك پ (خىتاي كومپارتىيەسى) 100 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر قەبرىستانلىقى ۋە مىڭلىغان دىنىي جايلارنى ۋەيران قىلدى.

• جىسمانىي جەھەتتىن پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن ۋەيران قىلىش ئۈچۈن توپلۇقنىڭ تۇرمۇش شارائىتىغا قەستەن زىيان سېلىش؛

• توپلۇق ئىچىدە تۇغۇلۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مەقسەت قىلغان تەدبىرلەرنى قوللىنىش؛

• ئۇيغۇر ئاياللىرى مەجبۇرىي تۇغماس قىلىنىۋاتىدۇ ۋە بالىلىرى مەجبۇرىي چۈشۈرۈۋېتىلىدۇ.

• ئۇيغۇرلار كۆپ سانلىق رايونلاردا تۇغۇلۇش نىسبىتى 2015 ـ يىلدىن 2018 ـ يىلغىچە 60 پىرسەنت تۆۋەنلىگەن.

• تۇغۇلۇش نىسبىتى 2019 ـ يىلى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 4. 2 پىرسەنت تۆۋەنلىگەن بولسا، شىنجاڭدا 24 پىرسەنت تۆۋەنلىگەن.

• توپلۇقتا تەۋە بالىلارنى باشقا گۇرۇپپىغا مەجبۇرىي يۆتكەش؛

• ئۇيغۇر بالىلىرى ئاتا ـ ئانىسىدىن مەجبۇرىي يۇلۇپ ئېلىنىپ، دارىلئېتاملارغا يۆتكىلىدۇ.

باياناتتا يەنە، «ئىقتىسادشۇناس» گېزىتى ئوتتۇرىغا قويغان پاكىتلارغا رەددىيە سۈپىتىدە: «رىۋاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ كېچىكىپ ئېلان قىلىنغانلىقىنى بىر پاكىت سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويغان ‹ئىقتىسادشۇناس› نىڭ سەمىگە شۇنى سېلىشىمىز كېرەككى، پرېزىدېنت كلىنتون ئۆزىنىڭ رىۋاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىقى جەريانىدا ھەرىكەت قىلمىغانلىقىنى ئۆزىنىڭ ئەڭ چوڭ پۇشايمانلىرىنىڭ بىرى، دەپ كۆرسەتكەندى.»

بايانات ئاخىرىدا، ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ پەقەت بىر پارتىيەنىڭ مەسىلىسى ئەمەسلىكى، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ۋە نۆۋەتتىكى تاشقى ئىشلار مىنىستىرى تونىي بىلىنكېنىڭمۇ ئوخشاشلا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ جىنايىتىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ ئاتىغانلىقى تەكىتلەندى.

مەمەتجان جۇمە

## كانادا پارلامېنتى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان زۇلۇملىرىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ بېكىتتى

كانادا پارلامېنتىنىڭ ئاۋام پالاتاسى 22 ـ فېۋرال خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان زۇلۇملىرىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ ئېتىراپ قىلىش توغرىسىدىكى تەكلىپ لايىھەسنى ئاۋازغا قويۇپ، ئۇنى مۇتلەق كۆپ سانلىق ئاۋاز بىلەن ماقۇللىدى. بۇنىڭ بىلەن كانادا پارلامېنتى دۇنيادا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان زۇلۇملىرىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ ئېلان قىلغان تۇنجى پارلامېنت, شۇنىڭدەك خىتاينىڭ بۇ ھەرىكىتىنى ئامېرىكادىن كېيىن رەسمىي «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ تونۇغان ئىككىنچى بىر غەرب دۆلەت ئاپپاراتى بولدى.

«ئىرقىي قىرغىنچىلىق» تەكلىپ لايىھەسى ئاۋام پالاتاسىدا نۆلگە قارشى 266 ئاۋازنىڭ ئۇللىشى بىلەن ماقۇللاندى. مەلۇم بولۇشىچە، تەكلىپ لايىھەسى ئاۋام پالاتاسىدىكى كوپچىلىك ئوكتىچى پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ قوللىشى، شۇنىڭدەك ھاكىمىيەت بېشىدىكى لىبىراللار پارتىيەسىدىن بولغان بىر قىسىم پارلامېنت ئەزالىرىنىڭمۇ قوللىشىغا ئېرىشكەن.

كانادا پارلامېنتى ئاۋام پالاتاسىنىڭ رەئىسى ئانتونى روتا يىغىندا ئاۋاز بېرىش نەتىجىسىنى خۇلاسىلاپ, كانادا پارلامېنتى ئاۋام پالاتاسىنىڭ خىتايدا ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرگە ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلغانلىقى, كانادا ھۆكۈمىتىنىڭمۇ بۇنى ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئانتونى روتا مۇنداق دېدى: «ئاۋام پالاتاسىنىڭ پىكرىدە خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەركىتى, جۈملىدىن ئۇنىڭ تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرى, ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مۇسۇلمانلارغا قارىتا تۇغۇت چەكلەش تەدبىرلىرىنى يۈرگۈزۈشى ب د ت ئومۇمىي كېڭىشىنىڭ «ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسى» دەپمۇ ئاتالغان 260 ـ نومۇرلۇق قارارىدىكى قىلمىشلار بىلەن بىردەك, دەپ قارايدۇ. »

ئانتونى روتا يەنە كانادا ھۆكۈمىتىنىڭ ئىتتىپاقداش ئەللەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ, ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى ئېتىراپ قىلىشنى رەسمىي سىياسەت قىلىپ بېكىتىشنى, ھەر ئىككى نۆۋەتلىك ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرگە ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىنى بىردەك ئېتىراپ قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ: «ئاۋام پالاتاسى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مۇسۇلمانلارغا قارىتا خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى تەرىپىدىن ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ, شۇنىڭدەك ھۆكۈمەتنى بۇ قارارنى رەسمىي قوبۇل قىلىشقا چاقىرىدۇ، »دېدى.

مەزكۇر تەكلىپ لايىھەسنى سۇنغان كونسېرۋاتىپ ئاۋام پالاتا ئەزاسى مايكېل چوڭ, دۈشەنبە كۈنى تەكلىپ لايىھەسى ئاۋازغا قويۇلۇشنىڭ بىر قانچە سائەت ئالدىدا مۇخبىرلارنىڭ مەخسۇس زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلىپ, ھۆكۈمەتنىڭمۇ تەكلىپ لايىھەسنى قوللىشىنى ئۈمىد قىلغان ئىدى.

مايكېل چوڭ مۇنداق دېگەن: «ھۆكۈمەت ھازىرغا قەدەر بۇ مەسىلىدىكى پوزىتسىيەسىنى ئىپادىلىمىدى. بىز ئۇلارنىڭ بۇ تەكلىپ لايىھەسنى قوللىشىغا ۋە تەكلىپ لايىھەسىنىڭ ماقۇللىنىشىغا ئۈمىدۋار قارايمىز. ئاۋام پالاتاسىدا بولغان ئۆتكەن ھەپتىدىكى مۇنازىرە ناھايىتى كەسكىن بولدى. بىز بۇ تەكلىپ لايىھەسنى كانادا ھۆكۈمىتىنىڭ نىمە ئۈچۈن قوللىشى كېرەكلىكىنى ئىنتايىن ئېنىق شەرھلەپ ئۆتتۇق. كانادا بارلىق خەلقلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ۋە ئىززەت ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئاۋاز چىقىرىش جەھەتتە ئۇزۇن يىللىق ۋە كۈچلۈك بىر ئەنئەنىگە ئىگە. بىز كانادا ھۆكۈمىتىنى بۇ ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىپ، بۇ لايىھەنى قوللىشىنى چاقىرىمىز. »

22 ـ فېۋرال كۈنى كانادا ئاۋام پالاتاسى يەنە كانادانىڭ خەلقارا ئولىمپىك كومىتېتىغا 2022 ـ يىللىق بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك مۇسابىقىسىنى باشقا دۆلەتكە يۆتكەشنى تەلەپ قىلىش توغرىسىدىكى تەكلىپ لايىھەسنى 229 ئاۋازنىڭ قوللىشى،29 ئاۋازنىڭ قارشى تۇرۇشى بىلەن قوبۇل قىلدى. باش مىنىستىر ترۇدو خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى قاتتىق دەپسەندە قىلىۋاتقانلىقىنى




ئېتىراپ قىلىسىمۇ, لېكىن ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ ئېتىراپ قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ كەلگەن. بۇنىڭ تېخىمۇ كۆپ كونكرېت دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلىنىشىنى تەلەپ قىلغان ئىدى.

مايكېل چوڭ مۇنداق دېدى: «باش مىنىستىرنىڭ بۇنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق, دەپ ئېتىراپ قىلىشنى خالىماسلىقىغا مېنىڭ جاۋابىم شۇ, بىزنىڭ كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇنغا دائىر دەلىللىرىمىز بار, بۇ شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ۋە يۇقىرى سۈپەتلىك سۈنئىي ھەمرا سۈرەتلىرىدىن دەلىللىنىپ, شىنجاڭدا يېقىنقى بىر قانچە يىل ئىچىدە يۈزلىگەن تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرىنىڭ قۇرۇلۇپ ، مىليونلىغان ئۇيغۇرنىڭ قامالغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. »

مايكېل چوڭ يەنە خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتا تۇغماس قىلىش, مەجبۇرىي بالا چۈشۈرۈش قاتارلىق ۋاستىلار بىلەن سىستېمىلىق نوپۇس كونترولى ئېلىپ بېرىپ, ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ ئازىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقى, ئۇيغۇر ئاياللىرىغا سىستېمىلىق باسقۇنچىلىق قىلغانلىقىغا دائىر 1 ـ قول دەلىللەرگە ئېرىشكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ: «بىز بۇنىڭغا يەنە قاراپ تۇرساق بولمايدۇ. بۇ بىر ئىرقىي قىرغىنچىلىق ، بۇنىڭ ئەمەلىيىتى قانداق بولسا ، بىز شۇنداق ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك ،» دېدى.

كانادا پارلامېنتى تەكلىپ لايىھەسنى ئاۋازغا قويغان مەزگىلدە كانادانىڭ تورونتو قاتارلىق شەھەرلىرىدىن كەلگەن بىرەر يۈزدەك ئۇيغۇر پارلامېنت ئالدىدا يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ, ئاۋام پالاتا بىلەن كانادا ھۆكۈمىتىنىڭ «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» تەكلىپ لايىھەسنى قوبۇل قىلىشىنى چاقىرغان.

مەزكۇر پائالىيەتنى تەشكىللىگەن «كانادا شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتى» نىڭ رەئىسى تۇيغۇن ئابدۇۋەلى زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلىپ, كانادا پارلامېنتىنىڭ تارىخىي قارارى دۇنيادىكى باشقا دۆلەتلەرنىڭمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش قارارلارنى ئېلىشى, خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلغان زىيانكەشلىكىنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشى ئۈچۈن ئۈلگىلىك ۋە تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئەركىن

# Әлишир Наваий һәққидә әсләтмә

*Бу жили бүйүк уйғур шаири Әлишир Наваийниң туғулғиниғиға 580 жил толди. Хәлиқарада бу жилни Әлишир Наваий жили дәп бәлгүләнди. Мошу мунасивәт билән хәлиқарада әдәбиятчилар, тарихчилар, пәлсәпәчиләр вә илмий хадимләрниң қатнишиши билән илмий конференсияләр, семинарлар, жиғинлар өткүзүлмәктә. Гезитимизниң мошу санидин башлап гезит оқуғучилиримизниң диққитигә бүйүк шаиримизға беғишланған илмий мақалиларни гезитимиздә давамлаштуримиз.*

*Р е д а к ц и я .*

*Илавә: Әлишир Наваий «уйғур – түрк әдәбиятниң Чиңгизхани»дур.*

*«Мән түрк әдәбияти байриғини тикләш арқилиқла барчә түрк қәвмлирини бир милләт қилалидим. Гәрчә мән әскири бар һәрбий қомандан болмисамму, бирақ диваним арқилиқла Тәбриздин Сәддичингичә болған бепаян Туран земинини қәләм биләнла бойсундурдум».*

*– Мир Әлишир Наваий ибни Ғиясиддин*

### *Қараханийлар вә қара рәңниң һәқиқий мәнисини әслитип турған Наваий*

Қара рәңни улуқлаш идеяси Қараханийлар сулалисидин кейинму хели узунғичә давам қилған. 15-әсирдики бүйүк шаир Әлишир Наваийниң «Сәббәи сәййарә» (Йәттә сәййарә) дастанида:

Қара рәң елгә тажу тәрәктур,
Ким қара рәң ичрәдур мубарәкдур.

Йәни қара рәң әлниң бешиға таж һәм тирәктур, ким қара рәң ичидә болса мубарәктур, дегән мисраларниң барлиғи мәлум. Қәдимки әждатлиримизниң шан-шәрипи билән мунасивәтлик болған қара чүшәнчиси кейинки чағларда тамамән башқа мәналарни ипадиләп кәлгән болсиму, Наваийға охшаш өз әждатлириниң қәдир қимметини чүшинидиған кишиләр тәрипидин йәнила әсли хасийити билән яд етилип турулған.

### *1. Әлишир Наваийниң қисқичә өмүр баяни*

Улуқ шаир, алим, мутәппәккур, тилшунас, дөләт вә жамаәт әрбаби Әлишир Наваий (1441 – 1501) әрәб вә парс тиллирида өз ана тилидәкла сәвийигә егә болуп, бир қисим әсәрлирини әрәб, парс тиллирида язған болсиму, көп қисим әсәрлирини шу чағларда уйғур тили асасида шәкилләнгән «чағатай уйғур тили» билән язған. Униң вәкиллик характеригә егә «Хәмсә»си вә ғәзәллиридин башқа, тил – әдәбият тәтқиқатиға вә башқа темиларға даир «Мәҗлисун – нәфаис» («Гөзәлләр мәҗилиси»), «Муһакимәтул – луғәтәйн» («Икки тил һәққидә муһакимә»), «Мәнтикут – тәйр» («Қушлар тили») қатарлиқ әсәрлириму наһайити зор илмий қимметкә егә.

Бүйүк шаир, мутәппәккур Низамидин Әлишир Наваий милади 1441–жили 2-айниң 9-күни Һерат (һазирқи Әвғанистанниң ғәрбидики бир шәһәр) шәһиридә дунияға кәлгән. Бүгүн Әлишир Наваий вапатиниң 520 жиллиқ хатирә күни. Биз шу мунасивәттә дунияға зор тәсир қозғиған шеирийәт алиминиң йеганә саһиби Әлишир Наваийниң қисқичә тәржимә һали вә һазирғичә әвлатларға ижил һәмраһ болуп келиватқан, шундақла бизгә иптихарлиниш туйғуси ата

қилған бүйүк әсәрлириниң дуния мәдәнийитидә тутқан орнини сөйүнүп тонуштурмакчимиз.

Әлишир Наваийниң урук–туққанлири Төмурийләр сарийиға йеқин кишиләрдин болуп, униң атиси Ғиясидин Барласму Хорасән шаһи Обулқасим Бабур сарийида һәрбий әмәлдар болған еди. Тарихий мәнбәләрдә униң атиси ғиясидинни «у уйғур бахшилиридин еди» дәп пүтүлгән.



Әлишир Наваийниң әсәрлириниң сани тәхминән 500 миң мисра әтрапида болуп, шәрқ әдәбиятидила әмәс, дуния әдәбиятидиму һечким техи бунчилик жиқ вә есил әсәрләрни йезип бақкан әмәс. Наваий Һератта туғулған вә шу йәрдә яшап өткән болсиму, «Тарихи Рәшидия» дә еник қилип «мир Әлиширниң әсли уйғур бахшилиридин турур. Атасини кичиккинә бахши атар әрдиләр» дейилгән. Уйғур хәлқи нәччә йүз жилдин буян Әлишир Наваийни өз шаири дәп билип, униң шеирлирини муқам нахшилар билән билләоқуп, мәдрисиләрдә дәрслик қилип оқуп кәлгән.



**Әлишир Наваий султан Һүсәйин Байқара билән**

Әлишир 12–13 яшларға киргәндә атиси вапат болуп, Обулқасим Бабурниң қолида қалған вә униң тәрбийәсидә болған. 15 йешидин башлап шаирлиқ билән шөһрәт қазанған яш Әлишир Һүсәйин Байқара (Султан Саһибқиран Һүсәйин Баһадирхан, 1469–жили Һератта тәхттә олтарған, 1505–жили вапат болған, мәшһур шаир болуп, бир мунчә шеир вә ғәзәлләрни язған) билән билләОбулқасим Бабурниң сарийида хизмәт қилишқа башлиған. 1456–жили Бабур билән билләМәшһәдкә барған. 1457–жили Бабур вапат болғандин кейин, Һүсәйин Байқара тәхт егиләш үчүн күч уюштуруш нийитидә Мәрвигә кәткән. Наваий Мәшһәдтә келип оқушини давамлаштурған. Бу йәрдә у өз заманисиниң мәшһур шаири Камал Турбати билән учрашқан һәмдә униң билән достлуқ орнатқан. Бу чағда униң билим елиш даириси техиму кеңийип, пәлсәпә, мәнтиқә, математика пәнлири биләнму шуғулланған. Болупму ислам пәлсәписини, әрәб вә шәрқ әдәбиятини қетирқинип тәтқиқ қилған. Жүмлидин, Обулқасим Фирдәвси, Низами Гәнҗиви, Хусрав Деһләви, Атайи, Лутфи вә башқа шаирларниң әсәрлирини яктуруп оқуған. Шуниңдәк ижадийәткә қизғин киришип, парс вә түркий тилларда нурғун шеирларни язған. Шуңлашқа у «Зуллисанәйн» (Икки тил егиси) дегән нам билән шөһрәт қазанған. У өзиниң түркий тилда язған шеирлириға «Наваий» (Нава қилғучи), парс тилида язған шеирлириға болса «Фани» (вақитлиқ, йоқалғучи дегән мәнидә) дәп тәхәллус қойған.

Әлишир Наваий «Хәмсә» чилик әнъәнисигә варислиқ қилип, «Хәмсә» пешвалиридин пәрқлиқ һалда әң бурун Хәмсәни ана тили чағатай уйғур тилида йезип, Хәмсәниң илгири пәқәтла мәйданға кәлмигән әң йеңи типини яратқан. Шаирниң өз әсәрлири ичидә, «Хәмсә Наваий» намлиқ жирик әсири, худди алтун үзүккә қоюлған яқуттәк инсанийәт мәдәнийәт дуниясини чақнитип, җаһан әдәбиятсәнъәт саһәсини җанландурған.

Әлишир Наваий 15-әсирдики уйғур мәдәнийәт тарихидики һәммидин бәк көзгә көрүнгән вәкиллириниң бири, шундақла уйғурлардин чиққан даңлиқ шаир мутәппәккур вә иҗтимаий паалийәтчи һесаплиниду. У өмридә түрлүк темилардики шеирнәзмиләрни, тәржимиһал вә әдәбият әсәрлиридин 30 нәччини йезип чиқип, әвлатларға нурғун қимметлик мәдәнийәт мирасларини қалдурди һәмдә хәлқимиз ичидә кәң тәсир пәйда қилди. Болупму, униң шеир-нәзмилири шу дәврдики феодал һөкүмранларниң идея җәһәттики қамаллиқни бузуп ташлап, әйни чағдики җәмийәттики йүксәк ғайини мәдһийәлиди.

У оттура әсирдики җаһаләтчилигини қәтъий инкар қилип, адәмниң иззәт-абройиға һөрмәт қилип адимийликни азат қилишниң йоли үстидә паал издинип, Мирза Улукбәгни дәһри дәп төһмәт қилип өлтүргән қара нийәт диний пиркиләр вә азғун диний кишиләрниң сәпсәтилиригә күчлүк етираз билдүрди. Униң күчлүк пәлсәпийивиликкә егә болған әқлийә сөзлири һазирғичә әл арисида таркилип жүрмәктә. Униң тәсирлик шеир-мисралири һазирғичә муқам текисти қилинип ейтилмақта. Униң әдәбий әсәрлиридә, адәмни асас қилиш, иттипақлиқ, ақ көңүллүк, инсанпәрвәрлик, ғәмхорлук, тинчлиқта билләөтүш идеяси гәвдиләндүрүлди. Бәдиийлик җәһәттә, уйғур шеирийәтчилигиниң бәдиий түси гәвдилинип, милләт, район, диний етиқад һалқиған естетик қараш әкс әттүрүлди. Униң әсәрлири тарих, әдәбият, шеирийәт илми, тилшунаслиқ, етика вә пәлсәпини өз ичигә алған қамус болуп, дәвр әһмийитигә һәм мәңгүлүк қимметкә егә болди.

Әлишир Наваий гәрчә нурғун тәндиши йоқ муһәббәт мисралирини язған болсиму, өмридә өйләнмигән. 1501-жили, 1–айниң 3–күни 60 йешида Һератта вапат болған.

### *2 . Әлишир Наваий дәвридики мурәккәп сәясий вәзийәт*

Туғлуқ Төмүрхан вә Әмир Төмүрдин кейин һәр икки тәрәпниң әвлатлири давамлиқ Мәркизий Асияниң хоҗилиғини талашти. Ақивәт һәр икки тәрәп аҗизлап, Дәшти Қипчақтин бастуруп кәлгән өзбәкләргә орун бошитип, Мавраунnәһир районидин чекинип чиқип, асаслиқ күчини Тарим вадиси вә Һиндистанға йөткәшкә мәҗбур болди. Бу җәриянда улар Шайбаниханға қарши йеңи қурулған Сафавийлар билән иттипақлашти. Сафавийлар ханлиғи әсли милади 1501 – жили әслидә Әзәрбәйҗан түркләридин келип чиққан сопизм пешваси шәйх Сафавийниң 5 – әвлади шаһ Исмаил тәрипидин Тәбриздә қурулған шиә мәзһипидики Әзәрбәйҗан түрклири қурған сәлтәнәтлик ханлиқтур.

**Сайрам Оғлани**

(давами кейинки санда)

# ئەلىشىر نەۋائى ھەققىدە ئەسلەتمە

بۇ يىلى بۈيۈك ئۇيغۇر شائىر ئەلىشىر ناۋايىنىڭ تۇغۇلغىنىغا 580 يىل بولدى. خەلقئارادا بۇ يىلنى ئەلىشىر ناۋايي يىلى دەپ بەلگۈلەندى. موشۇ مۇناسىۋەت بىلەن خەلقئارادا ئەدەبىياتچىلار، تارىخچىلار، پەلسەپەچىلەر ۋە ئىلمىي خادىملەرنىڭ قاتنىششى بىلەن ئىلمىي كونفېرېنسىيالەر، سېمىنارلار، ژىغىنلار ئۆتكۈزۈلمەكتە. گېزىتىمىزنىڭ موشۇ ساندىن باشلاپ گېزىت ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ دىققىتىگە بۈيۈك شائىرىمىزغا بېغىشلانغان ئىلمىي ماقالىلارنى گېزىتىمىزدە داۋاملاشتۇرىمىز.

رېداكسىيە

**ئىلاۋە: ئەلىشىر نەۋائى «ئۇيغۇر-تۈرك ئەدەبىياتىنىڭ چىڭگىزخانى» دۇر. «مەن تۈرك ئەدەبىياتى بايرىغىنى تىكلەش ئارقىلىقلا بارچە تۈرك قەۋملىرىنى بىر مىللەت قىلالىدىم. گەرچە مەن ئەسكىرى بار ھەربىي قوماندان بولمىساممۇ، بىراق دىۋانىم ئارقىلىقلا تەبرىزدىن سەددىچىنگىچە بولغان بىپايان تۇران زېمىنىنى قەلەم بىلەنلا، بويسۇندۇردۇم»**

**مىر ئەلىشىر نەۋائى ئىبنى غىياسىددىن**

### قاراخانىلار ۋە قارا رەڭنىڭ ھەققىي مەنىسىنى ئەسلىتىپ تۇرغان نەۋائى

قارا رەڭنى ئۇلۇغلاش ئىدىيەسى قاراخانىيلار سۇلالىسىدىن كېيىنمۇ خېلى ئۇزۇنغىچە داۋام قىلغان. 15-ئەسىردىكى بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «سەببەئى سەييارە» (يەتتە سەييارە) داستانىدا:

قارا رەڭ ئېلگە تاجۇ تەرەكتۇر،
كىم قارا رەڭ ئىچرەدۇر مۇبارەكدۇر.

يەنى قارا رەڭ ئەلنىڭ بېشىغا تاج ھەم تىرەكتۇر، كىم قارا رەڭ ئىچىدە بولسا مۇبارەكتۇر، دېگەن مىسرالارنىڭ بارلىغى مەلۇم. قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ شان-شەرىپى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان قارا چۈشەنچىسى كېيىنكى چاغلاردا تامامەن باشقا مەنالارنى ئىپادىلەپ كەلگەن بولسىمۇ، نەۋائىغا ئوخشاش ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ قەدىر قىممىتىنى چۈشىنىدىغان كىشىلەر تەرىپىدىن يەنىلا ئەسلى خاسىيىتى بىلەن ياد ئېتىلىپ تۇرۇلغان.

### 1. ئەلىشىر نەۋائىنىڭ قىسقىچە ئۆمۈر بايانى

ئۇلۇغ شائىر، ئالىم، مۇتەپەككۇر، تىلشۇناس، دۆلەت ۋە جامائەت ئەربابى ئەلىشىر نەۋائى (1441 - 1501) ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدا ئۆز ئانا تىلىدەكلا سەۋىيىگە ئىگە بولۇپ، بىر قىسىم ئەسەرلىرىنى ئەرەب، پارس تىللىرىدا يازغان بولسىمۇ، كۆپ قىسىم ئەسەرلىرىنى شۇ چاغلاردا ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا شەكىللەنگەن «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى» بىلەن يازغان. ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە «خەمسە»سى ۋە غەزەللىرىدىن باشقا، تىل - ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا ۋە باشقا تېمىلارغا دائىر «مەجلىسۇن - نەفائىس» («گۈزەللەر مەجلىسى»)، «مۇھاكىمەتۇل - لۇغەتەين» («ئىككى تىل ھەققىدە مۇھاكىمە»)، «مەنتىقۇت - تەير» («قۇشلار تىلى») قاتارلىق ئەسەرلىرىمۇ ناھايىتى زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

بۈيۈك شائىر مۇتەپەككۇر نىزامىددىن ئەلىشىر نەۋائى مىلادى 1441-يىلى 2-ئاينىڭ 9-كۈنى ھىرات (ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ غەربىدىكى بىر شەھەر) شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. بۈگۈن ئەلىشىر نەۋائى ۋاپاتىنىڭ 520 يىللىق خاتىرە كۈنى. بىز شۇ مۇناسىۋەتتە دۇنياغا زور تەسىر قوزغىغان شېئىرىيەت ئالىمىنىڭ يېگانە ساھىبى ئەلىشىر نەۋائىنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى ۋە ھازىرغىچە ئەۋلادلارغا ئىزچىل ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتقان، شۇنداقلا بىزگە ئىپتىخارلىنىش تۇيغۇسى ئاتا قىلغان بۈيۈك ئەسەرلىرىنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىدە تۇتقان ئورنىنى سۆيۈنۈپ تونۇشتۇرماقچىمىز.

ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئۇرۇق-تۇققانلىرى تېمۇرىيلار سارىيىغا يېقىن كىشىلەردىن بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتىسى غىياسىددىن بارلاسمۇ خۇراسان شاھى ئوبۇلقاسىم



بابۇر سارىيىدا ھەربىي ئەمەلدار بولغان ئىدى. تارىخىي مەنبەلەردە ئۇنىڭ ئاتىسى غىياسىددىننى «ئۇ ئۇيغۇر باخشىلىرىدىن ئىدى» دەپ پۈتۈلگەن.

ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ سانى تەخمىنەن 500 مىڭ مىسرا ئەتراپىدا بولۇپ، شەرق ئەدەبىياتىدىلا ئەمەس دۇنيا ئەدەبىياتىدىمۇ ھېچكىم تېخى بۇنچىلىك جىق ۋە ئېسىل ئەسەرلەرنى يېزىپ باققان ئەمەس. نەۋائى ھىراتتا تۇغۇلغان ۋە شۇ يەردە ياشاپ ئۆتكەن بولسىمۇ، «تارىخىي رەشىدىي» دە ئېنىق قىلىپ «مىر ئەلىشىرنىڭ ئەسلى ئۇيغۇر باخشىلىرىدىن تۇرۇر. ئاتاسىنى كىچىككىنە باخشى ئاتار ئەردىلەر» دېيىلگەن. ئۇيغۇر خەلقى نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان ئەلىشىر نەۋائىنى ئۆز شائىرى دەپ بىلىپ ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى مۇقام ناخشىلار بىلەن بىللە ئوقۇپ، مەدرىسىلەردە دەرسلىك قىلىپ ئوقۇپ كەلگەن.

ئەلىشىر 12-13 ياشلارغا كىرگەنىدە ئاتىسى ۋاپات بولۇپ، ئوبۇلقاسىم بابۇرنىڭ قولىدا قالغان ۋە ئۇنىڭ تەربىيەسىدە بولغان. 15 يېشىدىن باشلاپ شائىرلىق بىلەن شۆھرەت قازانغان ياش ئەلىشىر ھۈسەيىن بايقارا (سۇلتان ساھىب قىران ھۈسەيىن باھادىرخان، 1469-يىلى ھىراتتا تەختتە ئولتۇرغان، 1505-يىلى ۋاپات بولغان، مەشھۇر شائىر بولۇپ، بىر مۇنچە شېئىر ۋە غەزەللەرنى يازغان) بىلەن بىللە ئوبۇلقاسىم بابۇرنىڭ سارىيىدا خىزمەت قىلىشقا باشلىغان. 1456-يىلى بابۇر بىلەن بىللە مەشھەدكە بارغان. 1457

1457-يىلى بابۇر ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ھۈسەيىن بايقارا تەخت ئىگىلەش ئۈچۈن كۈچ ئۈيۈشتۈرۈش نىيىتىدە مەرۋىگە كەتكەن. نەۋائى مەشھەدتە قېلىپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرغان. بۇ يەردە ئۇ ئۆز زامانىسىنىڭ مەشھۇر شائىرى كامال تۇرباتى بىلەن ئۇچراشقان ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن دوستلۇق ئورناتقان. بۇ چاغدا ئۇنىڭ بىلىم ئېلىش دائىرىسى تېخىمۇ كېڭىيىپ، پەلسەپە، مەنتىقە، ماتېماتىكا پەنلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. بولۇپمۇ ئىسلام پەلسەپىسىنى، ئەرەب ۋە شەرق ئەدەبىياتىنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلغان. جۈملىدىن ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى، نىزامى گەنجىۋى، خۇسراۋ دېھلەۋى، ئاتايى، لۇتفى ۋە باشقا شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ياقتۇرۇپ ئوقۇغان. شۇنىڭدەك ئىجادىيەتكە قىزغىن كىرىشىپ، پارس ۋە تۈركىي تىللاردا نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغان. شۇڭلاشقا ئۇ «زۇللىسانەين» (ئىككى تىل ئىگىسى) دېگەن نام بىلەن شۆھرەت قازانغان. ئۇ ئۆزىنىڭ تۈركىي تىلدا يازغان شېئىرلىرىغا «نەۋائى» (ناۋا قىلغۇچى)، پارس تىلىدا يازغان شېئىرلىرىغا بولسا «فانى» (ۋاقىتلىق، يوقالغۇچى دېگەن مەنىدە) دەپ تەخەللۇس قويغان.

ئەلىشىر نەۋائى «خەمسە» چىلىك ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، «خەمسە» پېشىۋالىرىدىن پەرقلىق ھالدا ئەڭ بۇرۇن خەمسەنى ئانا تىلى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يېزىپ، خەمسەنىڭ ئىلگىرى پەقەتلا مەيدانغا كەلمىگەن ئەڭ يېڭى تېپىنى ياراتقان. شائىرنىڭ ئۆز ئەسەرلىرى ئىچىدە، «خەمسە نەۋائى» ناملىق يىرىك ئەسىرى، خۇددى ئالتۇن ئۈزۈككە قويۇلغان ياقۇتتەك ئىنسانىيەت مەدەنىيەت دۇنياسىنى چاقنىتىپ، جاھان ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىنى جالالاندۇرغان.

ئەلىشىر نەۋائى 15-ئەسىردىكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى ھەممىدىن-بەك كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللىرىنىڭ بىرى شۇنداقلا ئۇيغۇرلاردىن چىققان داڭلىق شائىر مۇتەپەككۇر ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتچى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئۆمرىدە تۈرلۈك تېمىلاردىكى شېئىر-نەزمىلەرنى، تەرجىمھال ۋە ئەدەبىيات ئەسەرلىرىدىن 30 نەچچىنى يېزىپ چىقىپ، ئەۋلادلارغا نۇرغۇن قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قالدۇردى ھەمدە خەلقىمىز ئىچىدە كەڭ تەسىر پەيدا قىلدى. بولۇپمۇ، ئۇنىڭ شېئىر-نەزمىلىرى شۇ دەۋردىكى فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىدىيە جەھەتتىكى قاماللىقنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئەينى چاغدىكى جەمئىيەتتىكى يۈكسەك غايىنى مەدھىيەلىدى.

ئۇ ئوتتۇرا ئەسىردىكى جاھالەتچىلىكنى قەتئىي ئىنكار قىلىپ، ئادەمنىڭ ئىززەت-ئابرويىغا ھۆرمەت قىلىپ ئادىمىيلىكنى ئازاد قىلىشنىڭ يولى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، مىرزا ئۇلۇغبەگنى دەھرى دەپ تۆھمەت قىلىپ ئۆلتۈرگەن قارا نىيەت دىنىي پىرقىلەر ۋە ئازغۇن دىنىي كىشىلەرنىڭ سەپسەتىلىرىگە كۈچلۈك ئېتىراز بىلدۈردى. ئۇنىڭ كۈچلۈك پەلسەپىۋىلىككە ئىگە بولغان ئەقلىيە سۆزلىرى ھازىرغىچە ئەل ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرمەكتە.

ئۇنىڭ تەسىرلىك شېئىر-مىسرالىرى ھازىرغىچە مۇقام تېكىستى قىلىنىپ ئېيتىلماقتا. ئۇنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىدە، ئادەمنى ئاساس قىلىش، ئىتتىپاقلىق، ئاق كۆڭۈللۈك، ئىنسانپەرۋەرلىك، غەمخورلۇق، تىنچلىقتا بىللە ئۆتۈش ئىدىيەسى گەۋدىلەندۈرۈلدى. بەدىئىيلىك جەھەتتە، ئۇيغۇر شېئىرىيەتچىلىگىنىڭ بەدىئىي تۈسى گەۋدىلىنىپ، مىللەت، رايون، دىنىي ئېتىقاد ھالقىغان ئېستېتىك قاراش ئەكس ئەتتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى تارىخ، ئەدەبىيات، شېئىرىيەت ئىلمى، تىلشۇناسلىق، ئېتىكا ۋە پەلسەپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قامۇس بولۇپ، دەۋر ئەھمىيىتىگە ھەم مەڭگۈلۈك قىممەتكە ئىگە بولدى.

ئەلىشىر نەۋائى گەرچە نۇرغۇن تەڭدىشى يوق مۇھەببەت مىسرالىرىنى يازغان بولسىمۇ، ئۆمرىدە ئۆيلەنمىگەن. 1501-يىلى 1-ئاينىڭ 3-كۈنى 60 يېشىدا ھىراتتا ۋاپات بولغان.

### 2. ئەلىشىر نەۋائى دەۋرىدىكى مۇرەككەپ سىياسىي ۋەزىيەت

تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋە ئەمىر تۆمۈردىن كېيىن ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئەۋلادلىرى داۋاملىق مەركىزىي ئاسىيانىڭ خوجىلىغىنى تالاشتى. ئاقىۋەت ھەر ئىككى تەرەپ ئاجىزلاپ، دەشتى قىپچاقتىن باستۇرۇپ كەلگەن ئۆزبېكلەرگە ئورۇن بوشىتىپ، ماۋرائۇننەھىر رايونىدىن چېكىنىپ چىقىپ، ئاساسلىق كۈچىنى تارىم ۋادىسى ۋە ھىندىستانغا يۆتكەشكە مەجبۇر بولدى. بۇ جەرياندا ئۇلار شايبانىخانغا قارشى يېڭى قۇرۇلغان سافاۋىلار بىلەن ئىتتىپاقلاشتى.

سافاۋىلار خانلىغى ئەسلى مىلادى 1501 - يىلى ئەسلىدە ئەزەربەيجان تۈركلىرىدىن كېلىپ چىققان سوپىزىم پېشىۋاسى شەيخ سافاۋىنىڭ 5 - ئەۋلادى شاھ ئىسمائىل تەرىپىدىن تەبرىزدە قۇرۇلغان شىئە مەزھىپىدىكى ئەزەربەيجان تۈركلىرى قۇرغان سەلتەنەتلىك خانلىقتۇر.

**سايرام ئوغلانى**

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

# Батальон, овеянный легендой

*Многонациональная по своему составу Советская армия по неоднократной просьбе законного правительства Афганистана вошла в Афганистан и воевала с моджахедами (вооруженными оппозиционными силами Афганистана) в период с декабря 1979 года по февраль 1989 года.*

*Среди героев в истории Афганской войны наиболее отличился командир 2-го мусульманского батальона майор Борис Керимбаев по прозвищу «Черный майор», ставший легендарной личностью среди солдат и офицеров, воевавших в Афганистане.*

*В батальоне майора Бориса Керимбаева было немало отважных воинов - уйгуров, героически сразившихся против численно превосходивших сил моджахедов.*

*Отважный командир батальона, легендарная личность, полковник Борис Керимбаев скончался 14 февраля 2019 года в возрасте 72 года.*

*Предлагаем вниманию наших читателей воспоминания Кахримана Каримова, нашего земляка, кыргызстанца, служившего в 4-й роте гранатометчиков данного батальона, созданная в январе месяце 1980 года майором Борисом Тукеновичем Керимбаевым по приказу Главного разведывательного управления (ГРУ) Генерального штаба Министерства вооруженных сил СССР.*

*****

*Кахриман, расскажите по подробнее историю создания этого легендарного батальона, в котором вы изначально служили?*

- Новый Капчагайский батальон «Черного майора» был сформирован на 22 военно-десантной базе г.Капчагай по указу Главного штаба Главного разведывательного управления «ГРУ» СССР. Командиром данного батальона был назначен выпускник Ташкентского военного училища, опытный офицер майор Борис



**Борис Керимбаев с офицерами**

Тукенович Керимбаев. Данный батальон известен под названием Специальный отряд 177 особого назначения, созданный в январе 1980 года.

Состав отряда создавался в основном из воинов уйгуров. В дальнейшем этот отряд вошел в историю под названием «2-й мусульманский батальон». В 70-е и в начале 1981 годов отношения между Советским Союзом и Китаем были напряженными.



Борис Керимбаев, полковник

В те годы из воинов-уйгуров Московского военного округа в количестве 300 человек была отобрана для создаваемого 2-го мусульманского батальона в составе 22-й бригады ВДВ в г. Капчагай. В тот период я служил в 4-о роте гранатометчиков данного батальона. Здесь нас готовили для выполнения боевых диверсионно-разведовательных задач в тылу врага. В своих воспоминаниях командир легендарного 2-го мусульманского батальона Борис Керимбаев не раз отмечал воинов-уйгуров. ***«Эти уйгурские парни за эти 3 месяца учебных занятий достигли высоких воинских результатов, освоили язык войны и стали настоящими воинами. С ними можно с уверенностью участвовать в любых сражениях.***

***В конце 70-х годов XX века Москва готовилась к летней Олимпиаде 1980 года. В тот период многие уйгурские солдаты служили в строительных батальонах г. Москвы, строили объекты Олимпийского назначения. Я сам лично отбирал из этих строительных батальонов уйгурских воинов-строителей в свой батальон особого назначения.***

***Напряжённость между СССР и Китаем, политика «освоение» СУАР (Восточного Туркестана), грубое нарушение прав уйгуров со стороны китайских властей и агрессивная политика Пекина в отношении СССР вынудило Генеральный штаб Вооруженных сил СССР к созданию вышеназванного особого разведывательно-диверсионного отряда. С изменением ситуацией первоначальный план этого особого отряда был отменён».***



Мэлс Бекбоев , генерал-майор



Кахриман Каримов



Абдукейим Намитов

*Кахриман, какова ваша дальнейшая служба в данном батальоне?*

- Я, и мой земляк Абдукейим Намитов и многие уйгурские ребята, отобранные в этот особый отряд и отслужившие свой срок службы в конце 1980-х и в середине 1981 года были демобилизованы. В связи с этим майор Борис Керимбаев набрал новое пополнение ребят из числа мусульман республик Средней Азии и славянских национальностей. Отряд 177 Особого назначения (2-й мусульманский батальон) в 1981 году 29 октября был отправлен в Афганистан. В годы войны в Афганистане был и мой земляк, кыргызстанец, командир 3-ей парашютно-десантной роты 2-го мусульманского батальона капитан Мэлс Бекбоев – ныне генерал-майор в отставке.




О боевых операциях 2-го мусульманского батальона в Афганистане подробно описал в своей статье в газете «Азия сегодня» в номере от 15 февраля 2019 года Масимжан Асимов». Вот что он пишет: «С первых дней боёв с моджахедами (душманами) отряд 177 показал свою высокую боеспособность и отвагу. За своё мужество и стойкость отряд 177 (2-й мусульманский батальон) получил название среди афганцев как «отряд головорезов». 2-й мусульманский батальон прославился своей стойкостью и мужеством в боях с отрядами Ахмедшаха Масуда, контролировавшие Панджерское ущелье на севере Афганистана, протяжённостью 120 км. Через Панджерское ущелье проходит важная стратегическая дорога, связывающие другие регионы Афганистана. Особый 177 отряд под командованием «Чёрного Майора» за 2 года, 2 месяцев и 5 дней пребывания в Афганистане принял участие во многих боевых операциях, нанесся упреждающие удары по позициям превосходящих сил противника. Таким образом, отряд 177 Особого назначения (2-й мусульманский батальон) в составе которого были, и воины-уйгуры стал одним из наиболее боеспособных единиц среди ограниченного контингента советских войск в Афганистане.

Опытный и талантливый командир моджахедов по прозвищу «Панджерский лев» Ахмадшах Масуд считал Бориса Керимбаева достойным противником и обещал крупную сумму за его голову. Советское командование также обещала присвоить героя Советского Союза тому, кто ликвидирует Ахмедшаха Масуда.

Но эти планы противоборствующих сторон не осуществились. В результате трёх встреч Бориса Керимбаева и Ахмедшаха Масуда, стороны пришли к устному соглашению о неприменении оружия против друг друга. В результате этого соглашения были спасены тысячи мирных жителей и бойцы обеих сторон. В годы Афганской войны героически погибли более 150 воинов-интернационалистов из 177 отряда Особого назначения. Созданные в Казахстане (в г.Капчагай) 2-й мусульманский батальон (177 отряд Особого назначения) под руководством майора Бориса Керимбаева согласно воинской присяги честно выполнил свою миссию и стал легендарной боевой единицей контингента советских войск в период войны в Афганистане».

***P. S.*** *Об 177-м Отдельном отряде специального назначения (2-й мусульманский батальон) Главного разведывательного управления (ГРУ) Генерального штаба СССР подробно описал историю создания и формирования легендарного 2-й мусульманского батальона и о его командире Борисе Керимбаеве по прозвищу « Кара майор» («Черный майор»). О боевых операциях первого состава этого 177-го Отдельного отряда специального назначения вплоть до ноября 1983 года один из бывших офицеров этого батальона Амангельды Жантосов в своей книге «2-й мусульманский» (спецназ из Казахстана), выпущенной в 2017 году в городе Алматы.*

*Материал подготовил*
***Абдурахим Хапизов***

# ئورتا ئاسىيە ۋە قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي سانى قانچە بولۇش كېرەك؟

ئورتا ئاسىيە ۋە قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي سانى توغرىسىدا گەپ قىلىشتىن ئاۋۋال، كېيىنكى موشۇ بىر ـ ئىككى يۈز يىل ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ـ سەياسىي هاياتىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلىكلەرگە مۇناسىۋەتلىك تارىخىي مەنبەلەرگە بىر قەدەر كۆز ژۈگەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. سەۋەۋى ئۇيغۇرلار بۈگۈنكى ئورتا ئاسىيە ۋە قازاقىستان تەۋەسىدە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان باشقا قېرىنداش خەلقلەر بىلەن بىر قويۇن بولۇپ، بۇ تەۋەلەردە ئەزەلدىن ياشاپ كەلگەن خەلق. بۇ تارىخىي هەقىقەت. پەقەت كېيىنكى بىر ـ ئىككى يۈز يىل ئىچىدە يۈز بەرگەن ئىختىسادىي ـ سەياسىي هادىسىلەر سەۋەپلىك، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىر قىسمى چېگارانىڭ ئۇ تەرىپىدە بولۇپ قالغان ئۇيغۇر دىيارى (ش ئۇ ئا ر) ئارىلىغىدا، ئۇ ياقتىن بۇ ياققا يۆتكۈلۈپ تۇرغان. بۇ ئىنسانىيەت تارىخىدا ئادەتتە بولۇپ تۇرىدىغان ئىشلار.

ئەندى مەسىلىنى ئامالىنىڭ بارىچە بىر قەدەر ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن قازاقىستان ۋە ئورتا ئاسىيە دۆلەتلىرىنىڭ ئاهالىنى رويخەتكە ئېلىش بويىچە كېيىنكى 10 ـ 20 يىل ئىچىدىكى دۆلەت ستاتىستىكىلىرىغا نەزەر ئاغدۇرۇپ كۆرەيلى. مەلۇم بولغىنىدەك ئۇيغۇر دىيارىدىن كېيىن قالسىلا، ئۇيغۇرلار ئەڭ كۆپ ياشايدىغان جاي بۇ قازاقىستان. قازاقىستاننىڭ 2020 ـ يىلىنىڭ كىرىشىگە قارىتا كۆرسەتكەن دۆلەت ستاتىستىكىسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 274.509 ئادەم، ئومۇمىي خەلق سانىنىڭ 1.47% تەشكىل قىلىدۇ ۋە ئومۇمىي ئاهالىي هېساۋى بويىچە 4 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ. قىرغىزىستاندا 2020 ـ يىلىنىڭ دۆلەت ستاتىستىكىسى بويىچە ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 59367 ئادەم. ئۆزبەكىستاننىڭ 1989 ـ يىلقى دۆلەت ستاتىستىكىسى بويىچە ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 35762، 2000 ـ يىلىنىڭ ستاتىستىكىسى بويىچە 19526 گە چۈشۈپ قالغان، 2013 ـ يىلدىن باشلاپ تامامەن كۆرسىتىلمىگەن. تۈرۈكمەنىستاندا 2010 ـ يىلقى ستاتىستىكا بويىچە 2000، هازىر 3000 ئەتراپىدا. تاجىكىستاننىڭ 2010 ـ يىل، دۆلەت ستاتىستىكىسى بويىچە ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 276 ئادەم. لېكىن 2013.03.20. تاجىكىستان ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ئابدۇكېرىم تۇرداخۇنوۋنىڭ، مەزكۇر ئۇيۇشمىنىڭ 20 يىللىغى مۇناسىۋىتى بىلەن WWW. gazeta.tj، مۇخبىرى گۈلچەهرە ئوسمانوۋا بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆهبىتىدە "تاجىكىستاندا هازىر ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 5000 مىڭ، شۇنىڭ ئىچىدە 3000 دۈشەنبە شەهرىدە ياشايدۇ " دېيىلگەن.

ئەمدى بىر قەدەم ئارتقا چېكىنىپ تارىخ سەهىپىلىرىگە نەزەر ئاغدۇرۇپ كۆرەيلى. 2005 يىل 30 ـ سېنتەبىر ئالمۇتا شەهرىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلق ئارا كونفېرېنسىيانىڭ ماتېرىياللىرىدىن تۈزۈلگەن:

«Уйгуроведение в Казахстане: Традиция и новация»

(قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق : ئەنئەنە ۋە يېڭىلىق» ناملىق توپلامدىن ئورۇن ئالغان تارىخ پەنلىرىنىڭ دوكتورى، پروفېسسور ئا.ك.كامالوۋ ئۆزىنىڭ «XIX ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا قەشقەر ئېمراتى ـ غۇلىغاندىن كېيىن قەشقەر ئاهالىسىنىڭ پەرغانە ۋادىسىغا كۆچۈشى " ماۋزۇلۇق ماقالىسىدا، ئەشۇ دەۋردە ئۇيغۇرلار بېشىغا چۈشكەن مۇرەككەپ هادىسىلەرنى مۇپەسسەل يورۇتۇش بىلەن بىرگە، پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى مەسىلىسى بويىچە مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ: "ئى.ۋ.زاخاروۋانىڭ دەلىللىشىچە 1860 ـ يىلغىچە قوقەنت خانلىغىدا 200 ـ 250 مىڭغا يېقىن قەشقەرلىقلەر ياشىغان»[1]. ئابلەت كامالوۋ شۇنداقلا ئەشۇ پاجىئەلىك شارائىتتا قەشقەر تەۋەسىدىن چىققان ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىنچىسى پەرغانە ۋادىسىدىكى ئەسلى يەرلىك تۇققانلىرىنىڭ ئۆيىگە جايلاشقانلىغىنى هەم تەكىتلەپ ئۆتىدۇ. تارىخ پەنلىرىنىڭ دوكتورى ئابلابېك ئاسانقانوۋ «قىرغىزىستان ئۇيغۇرلىرى» ماۋزۇلۇق كىتاۋىدا: «XVIII ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى XIX ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا... مانجۇر ـ خىتاي هاكىمىيىتىنىڭ زۇلۇم دەستىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، مىڭلىغان ئۇيغۇرلار يەتتە سۇ ۋىلايىتى ۋە پەرغانە ۋادىسىغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان. بەزى مەلۇماتلار بويىچە شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە قوقەنت خانلىغىنىڭ يېرىگە 85 مىڭدىن 165 مىڭغىچە قەشقەرلىقلەر كۆچۈپ چىققان... دەسلەپ ئۇيغۇرلار چۇي ۋە پەرغانە ۋادىلىرىنى، ئىسسىق ـ كۆل ئەتراپىدىكى بەزى يەرلەرنى ئۆزلەشتۈرگەن...»[2]. دېگەن مەلۇماتنى بېرىدۇ. فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ دوكتورى مۇرات هەمراېۋنىڭ «دەۋىر سەهىپىلىرى» ناملىق كىتاۋىدا " 45373 ئادەم 1881 ـ 1883 ـ يىللىرى رۇس ئەسكەرلىرى بىلەن يەتتە سۇغا كۆچۈپ چىقتى "[3] دەپ يازىدۇ. ئەشۇ دەۋردە ئىلى تەۋەسىدىن يەتتە سۇغا كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانىغا تېگىشلىك بۇ رەقەم مەشۇر رۇزىېۋنىڭ «يەڭىلىۋاشتىن تۇغۇلغان ئۇيغۇر خەلقى»[4] ناملىق كىتاۋىدا، ئىمىنجان باهاۋۇدۇننىڭ «ئىلى تارىخى»[5] ۋە باشقا مەنبەلەردىمۇ كۆرسىتىلىپ ئۆتۈلگەن.

ئەگەر بىز يۇقۇرىقى مەنبەلەر ئاساسىدىلا، شۇ ۋاقىتتىكى ئەسلى يەرلىك ئۇيغۇرلارنى هېساپقا ئالماي پەقەت 100 ـ 200 يىللار ئىلگىرى، بۈگۈنكى ئورتا ئاسىيە ۋە قازاقىستان تەۋەسىگە ئۇيغۇر دىيارىدىن كۆچۈپ چىققان ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي سانىنىلا هېساپقا ئالساقمۇ 300 مىڭدىن ئېشىپ كېتىدۇ. ئەمدى موشۇ تەۋەلەردە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي سانىنى موشۇ تەۋەدىكى بۈگۈنكى دۆلەتلەر ستاتىستىكىلىرى بويىچە ئالساق يەنىلا شۇ 300 مىڭ ئەتراپىدا چۆگۈلەپ ژۈرىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ سان نەچچە هەسسە كۆپىيىشى كېرەك ئىدىغۇ؟!..

يەنە، تولىمۇ ئەهمىيەتلىك بولغان، تۆۋەندىكى يەنە بىر مەلۇماتقا كۆڭۈل بۆلۈپ كۆرەيلى. 1997 ـ يىلى رۇس تىلدا چىقىدىغان ۋە قىرغىزىستاندا ئەڭ كۆپ ئوقۇلىدىغان نوپۇزلۇق گېزىتلەرنىڭ بىرى بولغان " دېلو №..." گېزىتىنىڭ 19 ـ مارت سانىدا 72 ياشلىق (پېنسىيەگە چىققان) ك گ ب نىڭ پودپولكوۋنىگى توقون ئۇسۇباقۇنوۋنىڭ مەزكۇر گېزىتنىڭ مۇخبىرى ئي. ساتىبېكوۋ بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆهبىتى "پىلاش ۋە خەنجەر رىتسارى" ماۋزۇسىدا ئېلان قىلىندى. بۇ مەلۇمات " ۋىجدان ئاۋازى " گېزىتىنىڭ 1997 ـ يىلى 30 ـ ئىيۇن سانىدىمۇ يورۇتىلدى. مەزكۇر سۆهبەتتە توقون ئۇسۇباقۇنوۋ مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ: " ... ئاتمىشىنچى يىللارنىڭ بېشىدا مېنى خىتايدىن قېچىپ كەلگەن مۇهاجىرلارنى قوبۇل قىلىش بويىچە تۈزۈلگەن مەخسۇس كومىسسىيەنىڭ تەركىۋىگە قوشتى... بىز مالىيە مىنىسترلىگى لىنيەسى بويىچە مۇهاجىرلارغا ئىختىسادى ياردەم كۆرسىتىش ۋە ئۇلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىلىرى بىلەن شۇغۇللاندۇق... مەن مۇهاجىرلار ئىچىدە 1944 ـ 1946 ـ يىللىرى خىتايدا جەڭگە بىرگە قاتناشقان كۆپلىگەن جەڭگىۋار سەپداشلىرىم بىلەن يۈز كۆرۈشۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم... 1956 ـ يىلدىن 1962 ـ يىلغىچە ئورتا ئاسىيە ۋە قازاقىستانغا بىر مىللىوندىن ئارتۇق ئادەم كۆچۈپ چىقتى! سەككىز يىل ئىچىدە قىرغىزىستانغا 170 مىڭ ئۇيغۇر، 40 مىڭ قىرغىز، 6 ـ 5 مىڭ ئەتراپىدا تۇڭگان ۋە باشقىلار كۆچۈپ كەلدى "[6] دەيدۇ. هەقىقەتەن ئەشۇ جەريانىدا ئومۇمىي خەلق ئامىسى بىلەن نۇرغۇن ساندا زىيالىلار، " شەرقىي تۈركىستان جۇمهۇرىيىتى " مىللىي ئارمىيەسىنىڭ ئوفىسېرلىرى بىلەن جەڭچىلىرى پۈتۈنلەي دېگىدەك كۆچۈپ كېلىپ، ئاساسەن قازاقىستان بىلەن قىرغىزىستانغا جايلاشتى. كۆرۈپتۇرۇپتىمىز گەپ 1 مىللىوندىن ئارتۇق ئادەم ئۈستىدە بولىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قىرغىزىستانغا چىققان 40 مىڭ قىرغىز بولسا، مەيلى 60 مىڭى قازاق بولسۇن قالغان بەرى ئۇيغۇرلارغۇ. بۇ ئادەملەر نەگە غايىپ بوپ كەتتى؟! 1954 ـ 1955 ـ يىللىرى چىققان ئۇيغۇرلارچۇ تېخى. مالىك كەبىروۋنىڭ 1975 ـ يىلى چىققان

*«Очерки истории уйгуров Советского Казахстана»*

(سوۋېت قازاقىستانى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىخ ئوچېركلىرى) ناملىق كىتاۋىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئومۇمىي ئاهالىنى رويخەتكە ئېلىش هېساۋى بويىچە 1970 ـ يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 173276 ئادەم. 1982 ـ يىلى يورۇق كۆرگەن ۋە ژۇقۇرىدا تەكىتلەنگەن مەشۇر رۇزىېۋنىڭ «ياڭىلىۋاشتىن تۇغۇلغان ئۇيغۇر خەلقى» ناملىق كىتاۋىدا: " قازاقىستان ۋە ئورتا ئاسىيەدە بار يوقى 210 مىڭدىن ئارتۇغاراق ئۇيغۇرلار ياشايدۇ " دېيىلگەن. بۇ رەقەملەر ژۇقۇرىدا قەيت قىلىنغانىدەك 1970 ـ 1980 ـ يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئاهالىنى رويخەتكە ئېلىش هېساۋى بويىچە بېرىلگەن سان بويىچە ئېلىنغان. ئەندى بايىقى 1956 ـ 1962 ـ يىللىرى، ئالدى كەينى بولۇپ 8 يىل ئىچىدە چىققان بىر مىللىوندىن ئارتۇق ئۇيغۇرلار نەگە كەتتى؟! نېمىشكە بۇ سان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاهالىنى رويخەتكە ئېلىش هېساۋاتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي سانى جەدۋىلىگە كىرمەي قالدى؟!

كۆرۈپتۇرۇپتىمىزكى ئورتا ئاسىيە ۋە قازاقىستاندا ئىستىقامەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇمۇيى سان مەسىلىسىنى، تارىخىي هۆججەت مەنبەلەردە كۆرسىتىلىۋاتقان سانلار بىلەن بۈگۈنكى بۇ تەۋەلەردىكى دۆلەتلەرنىڭ ئاهالىنى رويخەتكە ئېلىش بويىچە ستاتىستىكا مەهكىمىلىرىنىڭ كۆرسىتىۋاتقان سانلىرىغا سېلىشتۇرۇپ ئانالىز قىلساق، پەقەتلا ماسلاشمايدۇ ۋە بۇ بىر سىرلىق، يېپىق تېمىغا ئايلىنىپ قالغان مەسىلە كەبى تامامەن چۈشىنىكسىز بىر هالەت كېلىپ چىقىدۇ.

خۇلاسىلاپ ئېيتقاندا، ئورتا ئاسىيە ۋە قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي سان مەسىلىسى ئۆزىنىڭ يەكۈنىنى كۈتۈپ تۇرغان، تارىخچىلىرىمىزنىڭ كۈن تەرتىۋىدىكى ئوچۇق مەسىلىدۇر.

ئىلاۋە:

(قوقەنت خانلىغى رۇسىيە ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن يىمىرىلگەندىن كېيىن 1876 ـ يىلى پەرغانە ۋادىسى رۇسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن. 1917 ـ يىلى رۇسىيا پادىشالىغى ئاغدۇرۇلۇپ مەيدانىغا سوۋېتلەر هاكىمىيىتى چىققاندىن كېيىن 1920 ـ يىللىرى ئورتا ئاسىيەنى مىللىي رېسپۇبلىكىلارغا بۆلۈش جەريانىدا پەرغانە ۋادىسى ئۈچكە بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۆزبەكىستاننىڭ بۈگۈنكى پەرغانە، نامەنگەن، ئەنجان ۋىلايەتلىرى ئۆزبەكىستانغا؛ قىرغىزىستاننىڭ هازىرقى جالال ـ ئاباد، ئوش، باتكېن ۋىلايەتلىرى قىرغىزىستانغا؛ سوغدا ۋىلايىتى تاجىكىستانغا تەۋە بولغان).

پايدىلانغان مەنبەلەر:

1. Уйгуроведение в Казахстане: Традиция и новация Алма-Ата, 2006, 98 стр
2. ئابلابېك ئاسانكانوۋ. قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرى. بىشكېك. 2014، 15 ـ بەت.
3. مۇرات هەمراېۋ. دەۋر سەهىپىلىرى. ئالمۇتا، "قازاقستان". 1972، 5 ـ بەت.
4. مەشۇر رۇزىېۋ. ياڭىلىۋاشتىن تۇغۇلغان ئۇيغۇر خەلقى. ئالمۇتا «قازاقىستان». 1982. 4 ـ بەت.
5. ئىمىنجان باهاۋۇدۇن. ئىلى تارىخى. بىشكەك. 2016، 86 ـ بەت.
6. «Дело№» 1997.03.19
7. « ۋىجدان ئاۋازى». 997.06.30.

مۇزەپپەرخان قۇربان،
شائىر، ژۇرنالىست



ئۇيغۇرلارنىڭ يەتتىسۇغا كۆچىشى

# Успешность человека в его целеустремленности

В декабрьском номере газеты «Иттипак» за 2019 год мы писали о Наргиз Баудиновой, успешно защитившей кандидатскую диссертацию по литературе на тему: «Русская литература в становлении и развитии уйгурской литературы XX века», получившей высокую оценку экспертной комиссии.

В начале этого года в жизни кандидата филологических наук Наргиз Баудиновой произошло важное событие в ее карьерной лестнице. Приказом ректора КРСУ от 1 февраля 2021 года Наргиз Баудинова была назначена на должность заместителя декана гуманитарного факультета по учебной работе Кыргызско-Российского Славянского университета (КРСУ).

По совместительству Наргиз работает доцентом кафедры истории и теории литературы гуманитарного факультета КРСУ.

Подытоживая мы представляем ее краткое резюме.



Баудинова Наргиз Акбаровна родилась 22 февраля 1991 года в г. Бишкек Кыргызской Республики. В 2008 году окончила Учебно-воспитательный комплекс школы-гимназии №12. В 2013 году окончила учебу в Кыргызско-Российском Славянском университете по специальности «Филология». В 2014-2017 гг. училась в аспирантуре КРСУ (очная форма обучения) по специальности «Русская литература».

В 2011-2013 гг. работала учителем русского языка и литературы в Лебединовской школе-гимназии №2 Аламудунского района Чуйской области. 2015-2017 гг. – специалист Инновационного научно-образовательного центра русского языка КРСУ. 2017-2019 гг. – методист, старший преподаватель кафедры истории и теории литературы (ИТЛ КРСУ). 2020 г. - по настоящее время – доцент кафедры ИТЛ КРСУ. Замужем, имеет одного сына.

Успешность в жизни человека зависит, прежде всего, от его упорства, силы воли в деле достижения своей цели. И это мы видим воочию на примере Наргиз Баудиновой – достойного представителя четвёртого поколения семьи Баудиновых – продолжателя династии семьи интеллигенции.

Ее родители: Акбар Баудунов – кандидат философских наук, редактор газеты «Иттипак», печатного органа Общества уйгуров КР, Фарида Баудинова – учитель начальных классов Лебединовской школы-гимназии №2. У Наргиз есть старший брат Ильяр Баудинов – врач-рентгенолог первой категории. Работает в медико-диагностическом центре «Sistem».

Мы от всего сердца поздравляем Наргиз Баудинову с новой должностью и желаем ей дальнейших успехов в работе, научных достижений, карьерного роста, крепкого здоровья, личного и семейного благополучия!

**Абдурахим Хапизов,**
**отличник образования КР,**
**магистр политических наук.**

* * *

## ТӘБРИКЛӘЙМИЗ



Мошу жилниң январь ейида «Ала-Тоо» йезиси, уйғур җамаити Аяллар кеңишиниң йеңи рәиси болуп Нурумова Ибадәтхан Тудахун қизи сайланди. Ибадәтхан Тудахун қизи 1960-жили Қазақстанниң Яркәнт шәһиридә туғулған. Оттура мәктәпни Алмута вилайитиниң «Ават» йезисида түгәткән. 1981-жилдин башлап мошу «Ала-Тоо» йезисида яшап кәлмәктә. Ахирқи 5 жилниң ичидә йеза Аяллар кеңиши рәисиниң орунбасари болуп ишлигән. Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» җәмийити Ибадәтханумниң «Ала-Тоо йезиси Аяллар кеңиши рәислигигә сайлиниши мунасивити билән қизғин тәбрикләйду вә Ибадәт ханимға мошу җавапкәрлик җамаәт ишида көп утуқларни тиләйду.

**Өз мухбиримиз**

* * *

## Инсан һаятидики бәхитлик күн

24-декабрь күни Рахматова Толқунниң һаятидики әң бәхитлик күн болди. Шу күни Чүй вилайитиниң Аламедин райониға қарашлиқ «Восток» йезиси мәһәллисиниң фельдшери Рахматова Толқунниң йеңи өйгә кириш мәрасими болуп өтти. Униңдин авал Толқун ағриқчан йолдиши 4 балиси билән төмүр контейнерда 5 жил яшиди.

Мәһәллигә «Ильшат» мечити селинғанда, медпунктма селинған еди. Бу мәлидә уйғур, қирғиз, рус вә башқа милләтләр өм яшайду. Бирси ағрип қелип дохтурға келәлмәй қалса, Толқун велосипедта өй-өйләргә берип укол селип хәлиқниң муһтаҗисидин чиқатти. У 15 жил шундақ яхши ишлиди.

2020-жилдики пандемия һеч қачан унтилмиса керәк. Қанчә адәмләрниң һаятини елип кәтти. Июль ейида пневмония билән ағрип, Толқунниң йолдишиму вапат болуп, униң 4 балиси житим қалди. Шу еғир күнләрдә «Ильшат» фонди ярдәмгә кәлди. 15 жилдин бери мәһәллидә ишләватқан фельдшерға медпунктниң йеридин йәр сетип елип, өй селишқа башлиди. Өй 3 айда пүтти. Бу қурулушқа Азиз Исмагомедов шу мәһәллидә яшайдиған фондниң әзаси Фахриддин Ахунбаевлар баш болди. 5 балилиқ бу заманивий өй иссиқ-соғ сулири, душ, һаҗәтханалири билән, қораси брусчатка, дәрваза, өйниң йениға ёлкилар тикилгән, адәмниң һәвәси кәлгидәк өй болди. Өйгә чирайлиқ гилжи, диван-креслолири билән, ашханиға чирайлиқ жиһазларму фонд тәрипидин соға қилинған. Бу өйниң кириш мәрасимиға мәһәллидики жигитбеши Узақов Абдужелил башлиқ мәһәллә аһалиси қатнашти. Телевидениядин НТС канали тарқитип кәтти. Телевизорда көрситилди. Мән Толқунға, өйгә көчүп киргиниңиздики һиссиятлириңиз қандақ болди – дәп соал бәрдим.

У көзидә яш билән: «Мән һазирғичә өзәмни чүш көриватқандәк сезиватимән, охунуп кәтсәм йәнила шу соғ контейнерда туридиғандәк



сезип, буниң растлиғиға ишәнгүм кәлмәйду. Бирдинла һәм чирайлиқ заманивий өй, брусчаткилиқ қора жайға егә болдум, һекайидикидәкла болди. Дунияда яхши адәмләр көп екән. Биринчидин Аллаға разилиғимни билдүримән, андин кейин «Ильшат» фондидики уйғур җамаитигә көптин көп рәхмитимни ейтимән. Балилиримниң хошаллиғи чәксиз, олтуруп турса шу өйни қуруп бәргән кишиләргә дуа қилип олтуришиду. Әң чоң қизим 14 яшта, өз бөлмиси болғанлиғидин бәк хошал.

Тонумуғанму адәмләрму телефон қилип, «Ильшат» фондиниң адәмгәрчилигигә һәйран болуп, шу мехрибан кишиләргә дуа қилип, разичилиғини билдүривативду. Мән балилиримға чоң болуп, бай болсаңлар, силәрму муһтаҗларға ярдәм қилиңлар дәймән. Өлгичә бу яхшилиқни унутмаймиз» - деди.

Мәнму шу өйдә Толқун балилириниң яхшилиғини көрүп, бәхитлик яшап өтүшүни тиләп қайттим.

**Зульфия Ғлажидин һажим,**
**«Восток» йезиси**

# شائىرە راھىلە كامال ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرى



راھىلە كامال

راھىلە كامال غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاخبارات كەسپىنى پۈتتۈرۈپ، 1993-يىلدىن باشلاپ «ئىلى كەچلىك گېزىتى»دە مۇھەررىر، مۇخبىر ۋە تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن. 2004-يىلى قازاقىستانغا چىققان، 2008-يىلدىن بېرى شىۋىتسىيەنىڭ پايتەختى ستوكھولمدا ياشاپ كەلمەكتە.

راھىلە كامال بۈگۈنكى كۈندە دۇنيا يازغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزاسى، شۇ ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىختىسادى ھەيئەت ئەزاسى. راھىلەنىڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دائىرىسىدە چىقىدىغان ھەر قايسى گېزىت-ژۇرناللىرىدا 100 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى ئېلان قىلىنغان بولۇپ، «ناخشا»، «بىر پۇقرالىق يالغۇز بۇ شەھەر»، «ياغاچ ئاتلىق شاھزادە» قاتارلىق شېئىرلىرى ۋە باشقا ئاخبارات ئەسەرلىرى تۈرلۈك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. بىر قانچە شېئىرلىرى تۈركچە، ياپونچە ، ئېنگلىزچە تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشكەن. 10 پارچە شېئىرى چەتئەلدىكى شائىرلارنىڭ تۇنجى شېئىرلار توپلىمى بولغان «تىلسىز قۇشلار» غا كىرگۈزۈلگەن. تور ژۇرنىلى بولغان «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىغا شېئىرلىرى داۋاملىق بېرىلىپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ چەتئەلدىكى تەرەققىياتىغا بەلگىلىك تۆھپە قوشۇپ كەلمەكتە.

راھىلەنىڭ قارىشىچە، شېئىر—قەلبنىڭ چىقىنى، روھنىڭ تەنھالىقىدۇر. شائىرە راھىلە كامالنىڭ بىر توپ شېئىرلىرىنى گېزىت ئوقۇرمەنلىرى دىققىتىگە ھاۋالە قىلدۇق.

رېداكسىيە

## ئىپارخان

ئىپار ھىدى تېنىگە
ۋىجدان بولغان ئىپارخان.
خەنجىرىنىڭ بىسىدا
رىزۋان بولغان ئىپارخان.

زۇلپىڭنى كىم كۆردى ؟!
زۇلمەتتىن بۆلەك.
چېھرىڭنى كىم سۆيدى؟!
كۇلپەتتىن بۆلەك.
ۋەتەن دەپ، ئىپپەت دەپ
قىلدىڭ مۇناجات،
ئۆزۈڭگە تەڭ بىر سەن.
رەبىبىڭدىن بۆلەك.

چېچىڭنى بوستان دەپ قىلمەن
قىياس،
دۇشمەنگە ئارماندۇر ئۇنى بىر تاراش.
كۆزۈڭنى چولپان دەپ ئويلىغىنىم
راست،
كۆيدۈرەر رەقىبنى ئۇنىڭغا قاراش.

ئىپارخان، ئىپارخان ھەسرەتلىك
سەنەم،
خەنجىرىڭ يېنىڭدا جەننەتتىمۇ ھەم.
قوغدايسەن جەننەتنى ئىپپىتىڭ بىلەن،
خۇش بويلۇق ،ئىسيانكار گۈزەل
مەلىكەم!

ئەگىيسەن بەزىدە ئاسمىنىمىزدا،
بەرمەكچى بولغاندەك مىسران
قىلىچنى.
بەرمەكچى بولغاندەك خۇشبۇي
ئىپپەتنى،
بىقۇۋۋەل، پەرىشان جانان قىزلارغا!
پىچىرلا دىللارغا! ئۆگىتىپ تۇرغىن !
ياۋلارنى تىغمۇ تىغ قانداق يېڭىشنى
سورىغىن رەھماندىن يەتكۈزسۇن
بىزگە
سەن كەبى ئىپارنى يەنە مىڭلارغا!

## سېنىلا يازدىم

سىرلىرىڭ سىرلىرىمدا
پىنھان ئىسيانلاردەك
مېنى جىم تۇرغۇزمايدۇ.
خۇلقۇڭ تىك قىيالاردەك
مېنى جۇدۇنلارغا ئۇرغۇزمايدۇ.

مەن سېنى قانداق ئويلىسام سەن شۇ.
سەن قانداق بولساڭ مەن شۇ.
سەن بولساڭ مەن بولىمەن
مېنىڭدىكى باھار بولسەن.
شۇنچە مەپتۇنكار ،ئۆزگە پاتقان
تىزىلىپ قىسمىتى ئۆزىدە ياتقان
باغرى قان ئانار بولىمەن.
كەتسەڭ تەڭ كېتىمىز
سەن ماڭا،مەن ساڭا دار بولىمەن.

مەن سېنىلا يازدىم
مىسكىن كۈلكەڭنى،
غەمكىنلىكىڭنى،
تەمكىنلىكىڭنى،
كەمسۆزلۈكۈڭنى
ئۆزۈمگە ئوخشاتتىم.

كۆككە باقسام ئاسمانمۇ يوقتەك،
يەرمۇ يوقتەك پەيتلەر ئارا
كۆرۈنسەن بىر تال يۇلتۇزدەك،
كۆزلىرىمگە بېرىپ نۇر، زىيا.

سېنى كۆرۈنمەس دەيدۇ،
سېنى ئۇندىمەس دەيدۇ،
سەن ساڭا باققانلارغا زاھىرسەن!
سەن سېنى سۆيگەنلەرگە شائىرسەن!

## يىگانىسەن

سېنىڭ باشقا ئوخشىشىڭ بارمۇ!؟،
يىگانىسەن خىياللىرىمدا.
مەن نادان قىز ئاداققى سەھەر،
ئۇزاپ كەتكەن باغرىڭدىن ئاستا.
چالمىسامۇ ياكى مۇڭلۇق كۈي،
تىلەپ قالدىڭ ئاق يولنى ماڭا.
ئىشقىم بىلەن بېرەرمەن ئېيتىپ،
چاك يېرىلغان باغرىلىرىمغا.
مەغرۇرلۇقۇم، گۆدەكلىكىمنى،
جېنىم بىلەن قالدۇرغان ساڭا.
مەغرۇرلۇقۇم سەن بەرگەن غۇرۇر.
نادانلىقىم ئالدىمدا تۇرۇر.

تىتىلماق ھالالدۇر سەنسىز راھەتتە،
نە قالدى ئىلكىمدە ھىجراندىن بۆلەك.
بىناۋا قۇشلارنىڭ پەرۋازى يوقمىش،
بۇ ھىجران ھەسرىتى يۈرەككە ئوقمىش.

بۇلۇتلار تىترەيدۇ تۆكەلمەي ياشىن،
بۇ كىمنىڭ ھەسرىتى، ئازابى ئاخىر؟!
كەتمەكنىڭ بەدىلى بۇنچىمۇ ئېغىر؟!
بىر يېنىپ ئۆچمەكمۇ، ياناماقمۇ ياپىر!؟
ئۆزۈمگە قايتىپ ساڭا چۆككەندە،
سېنىڭ ئالدىڭدا مەن ئۆزۈم ئەمەس،
ئاھ يۇلتۇزلار نۇرىن تۆككەندە،
كۆز قىسىشى تاڭدا يۇتكەندە،
بىلىپ قالدىم مەن ئۇچۇن ئەمەس،
شامالدەك ئۇچۇپ كەتتىمكىن دېسەم ،
ئاداشتىممۇ ئۆزۈمدە ياكى!؟
ئۆزگە بىر جەننەتكە يەتتىمكىن دېسەم ...
ئاداشتىممۇ سۆزۈمدە ياكى!؟
سىم سىم يامغۇردەك تۆكۈلدۈم دېسەم ...
ئاداشتىممۇ كۆزۈمدە ياكى!؟
تىزىمنى قۇچاقلاپ پۈكۈلدۈم دېسەم ..
زەڭگەر ئاسمانغا يۈكۈندۈم دېسەم ..

نامەرتتە نە غۇرۇر، نە قەھرىمانلىق،
زالىمدا نە سۆيگۈ ، نە مېھرىبانلىق،
ئاللاھنىڭ بۇيرۇغان بىر كۈنى چوقۇم
جازاسى، غەزىپى تاشار ئۇستىگە.
زېمىننىڭ نەپرىتى ياغار ئۇستىگە.
بەدبەختنىڭ قولىدا قايرىلغان قىلىچ،
پاتىدۇ ئۆزىنىڭ تۆمۈر قېپىگە.

سېنى ئەسلەيمەن، ئەسلەپ ئۆلىمەن،
ئەسلەپ ئۆلگەچكە كۈلۈپ ئۆلىمەن.
بويۇڭنى، خۇيۇڭنى كۈيلەپ ئۆلىمەن،
سەن كۆيگەن زىنداندا يۈرۈپ ئۆلىمەن.

## يوپۇرماق

يالغۇچ كائىنات كەتمە ئاھ ئۇرۇپ،
مەن بىر تال يوپۇرماق مەۋجۇدمەن بۇ
تاپ.
تىترىگەن تېنىمنى قالدىم يوشۇرۇپ،
ياش بىلەن نەملەنگەن كۆزۈڭدە
پارلاپ.

كۆزلىرىڭ كۆرەلمەس چاقناشلىرىمنى،
كۈيۈمنى ئاڭلاشنى بىلمەيسەن ئوڭشاپ.
كۈندۈزگە سوزۇلغان ئەۋرىشىم قولۇم،
كېچەڭنىڭ قوينىدا قالدى يالتىراپ.

تۇرىسەن ئۇنتىنىسىز ئۆزۈڭگە بېقىپ ،
مەن بىر تال ياپراقتا ئوخشاش
شۇقەدەر.
ئاھ بۇ دەم نىمە دەر كۆڭلۈڭ ئىستىكى،
ئوت يېقىپ قويغاندەك ئۇپۇقتا قەدەر.

ئاددىي بەك ئاددىي بىر تال يوپۇرماق،
پەرىشان قەلبىڭنى قۇچاقلاپ ياتقان،
ئاددىي بەك ئاددىي بىر تال يوپۇرماق،
ساپسېرىق يالتىراپ تۇرىدۇ ھەرۋاق!

## تىترىمە

كىرپىكلىرىمدە تىترىمە ئەي ياش!
قارىچۇقلىرىمدا قاتقان بۇ دۇنيا.
خەۋەر بەر ھەر ھالدىن بېرەي مەن
بەرداش،
بېغىمدا ئۇچۇشار ياپراق بىپەرۋا.
ھېكايە ئاڭلىغىن ، تىترىمە ئەي دىل!
ئاي، يىللار ،ئەسىرلەر ئوينار
مۆكۈشمەك.
ئۆزۈڭگە بۇلبۇلدەك سايرىماس بۇ
تىل،
شەپقەتسىز قولىدا ئىڭراپ، پۈكۈلمەك.

تۇتقىن قەلەمنى تىترىمە ئەي قول!
ئەمەسكى ئۇ قەدەھ، ياكى مەدھىيە.
يۈرگىنىڭ ئۇ داغدام ياكى چىغىر يول،
نۇر سىزغىن كېچەڭگە بولسۇن ھەدىيە.

ئەللىك يىل ئۆتتى تىترىمە ئايال!
كەچكىنى يىللارمۇ ياكى قىسمىتىڭ.
قەلبىڭدە بارىدى گۈزەل بىر ئارال،
ھەقىقەت ئىزدىدىڭ، سۆيگۈ
ئىستىدىڭ.

كۈمۈشرەڭ چاچلىرىم تىترىمە بولدى!
سىغىنىش، سىغىنىش سىنىڭدىكى ھال.
دەردىم ئىچىمگە ئەجەپمۇ تولدى،
جاۋابسىز سوراقلار قىلماقتا قامال.

بۇلبۇللار سايرىسا تىترىمە ئۇنۇم!
ھىجراننىڭ زەھرىنى تېتىتتى پەلەك.
كەپتەردەك بىتاقەت بوزلىما تۇنۇم،
ۋىسالغا ھەقلىقسەن دېيىشىڭ كېرەك!

باھارىم يەتمەمدۇ تىترىمە پەسلىم!
قولۇمدا تېخى مەشۇت ياغلىقىم..
ئەتىرگۈل، لالەلەر بولسىمۇ ئەسلىم،
سارغايغان ،خۇش ھىدلىق مېنىڭ
يايلىقىم.

## كۈيلەر يىغلىسۇن

(ئىنسانلىغى چەيلەنگەن ھەمشىرلىرىمگە ئاتاپ )

ياشلانغان كۆزۈڭنى ئويلىيالمايمەن،
سەن مېنى چاقىردىڭ ئۈمىدتە چوقۇم.
ئەلەمدە تىترەيمەن جىم تۇرالمايمەن،
نە مەنا ھاياتتا بارىم ھەم يوقۇم؟

شۇ كېچە يۇلتۇزلار تۆكۈلدى كۆكتىن،
گۈللەرمۇ ئۆزىنى يۇلدى بەرگىدىن.
سەزدىممەن ئۆزۈمنى شۇنچە نائىلاج،
ئايرىلغاچ سېنىڭدىن،
ھۆرلۈك ،ئەركتىن.

ئىنسانلىق ھەققىدە سۆزلىمە دۇنيا،
زىبالىق ھەققىدە كۈيلەر يىغلىسۇن،
چىدىماي قەلەممۇ يىرتتى قەغەزنى،
ئۆلگەن قەلبلەر، ۋىجدان ئىڭرىسۇن!

# Абдурeһим Юсүпи –көп қирлиқ инсан еди

***Тарихимизда пүтүн өмри бойи хәлқимизниң һөрлиги вә азатлиғини арзу қилип, милләтни ойғунушқа, тәңлик вә әркинлик үчүн күрәшкә дәвәт қилип, хәлқимиз бешиға кәлгән қисмәтләр ичидә өзгә жутларда ғурбәтчиликтә яшап, ахиригичә кәлгүсигә болған үмүтни үзмәй, дунийадин көзи очуқ өтүп кәткән әҗайип инсанлардин бири, көп қирлиқ талант егиси дохтур, педагог, шаир, диний алим Абдурeһим Юсүпи еди.***

У, 1911-жили Уйғуристанниң Или наһийәсидики Султан Һувәйис мазар йезисида кәмбәғал аилисидә дунияға кәлгән. Атисидин кичик житим қалған идрәклик бала, турмуш еғирчилиқлирини йеңип Ғулжа шәһиридики мәдрисидә оқуп билим алиду.

1934-жили муәллимләрни тәйярлайдиған курсқа оқушқа чүшиду. 1934-жилдин башлап Күрә гимназиясидә оқутқучи болуп ишләшкә башлайду.

Билимгә тәшна, истидатлиқ Абдурeһим, өмур бойи өзлигидин оқуш, издиниш билән яшап әрәб, парс, рус, хитай тиллирини мукәммәл үгиниду. Болупму әдәбиятқа қизиқип, шәрқ классик әдәбияти намайәндилиридин Җами, Навайи, Низами, Физули, Билал Назим, Низарий ғәзәллирини яд елип үгүниду, улардин илһамлинип шеир-ғәзәлләрни язиду.

20-жилларниң ахири вә 30-жилларниң башлиридин тартип «Қәләм Дости» тәхәллуси билән иҗат қилди. У өз шеирлирида хәлиқниң еғир турмуши, чәт әл басқунчилири вә йәрлик феодаллардин қутулуш үчүн ойғунушқа күрәш қилишқа дәвәт қилиду. «Тәңлик» дегән ғәзилидә:

*Һеч җаһанда болмиған тәңлик*
*дегән бәхти гөзәл,*
*Йәр вә дуния зиннити һеч нәрсә*
*йоқ андин гөзәл.*
*Мән анамдин туғулушум сениң*
*үчүн, издәш үчүн,*
*Та, өлгичә һечнәрсә йоқ, тәңлик*
*сәнәм сәндин гөзәл.*

*- дәп язса, «Жуа» дегән ғәзилидә:*

*Қозғилаң; дәп хуш хәвәр бәрди*
*қумулниң тағлири,*
*Болғуси та хәлқимиз, қуллуқ*
*һақарәтдин жуда.*
*Әй, Қәләм Дости, өзәң хәлқиң*
*билән биллә бол.*
*Бәлки достлар ярдимида зулум*
*пәттин жуда*

*- дәп Қумул инқилавидин зор үмүтләрни күтиду.*

Униң шеирлири 1933 – жилдин башлап «Шинҗаң гезити», «Алға», «Или Шинҗаң гезити» «Шинҗаң әдәбият-сәньити», «Альманах», «Күрәш», «Иттипақ» вә башқа гезит журналларда бесилған. Көп шеирлири қолязма сүпитидә хәлиқ ичидә тарқалған. Уйғур классик шеир әнъәнисидә иҗат қилған «Мәзгил», «Тәңлик», «Тарих», «Атам қәбридин аваз», «Унтумаймиз», «Бостан баһарим шу» шеирлири шу җүмлидиндур. Униң «Маарип» вә башқа бир қанчә ғәзәллири аһаңға селинип та һазирғичә хәлиқ арисида ейтилип кәлмәктә. Педагог А.Юсүпи шу чағлардики жуқури билим очақлиридин болған Или гимназиясигә 1940 – жили муәллим болуп кәлди. Бу йәрдә ишләш җәриянида оқуш сүпитини дәвир тәливигә лайиқлаштуруш үчүн, Совет Иттипақи әдәбият нәмунилирини киргүзүп «Әдәбият нәзәрийәси» оқутуш қолланмисини түзүп чиқти. Ғулжидики мәктәпләрдә математика дәрисини оқутуш үчүн «Муәлим йолдиши» китавини йезип чиқти.

Миллий инқилап дәвридә Шәрқий Түркистан Миллий армиясиниң сепида хизмәт қилиду.

Тиним тапмас, билим ишқивази Абдурeһим Юсүпи 1946-жили Ғулжа Тиббий мәктивигә кирип оқуйду вә уни пүтүрүп, бу йәрдә муәллим вә дохтур болуп ишләйду.

У, 1951-жили Үрүмчидики Шинҗаң дарилфунуға тәклип қилинип, әдәбият вә анатомиядин дәрс бериду.

Униң «Инқилавий Шәрқий Түркистан» гезитидә бесилған «Тиббий кеңәшләр» намлиқ чоң көләмлик мақалиси вә 1940-1967 – жилларда «Һеснул әхлақ вә мәҗмәуЛ һекмәт» намлиқ китап язғанлиғи мәлум.

Вәтән үчүн Вәтәндин айрилған көп қатари Абдурeһим Юсүпи 1955-жили Совет Иттипақиға чиқип Қирғизстанниң Қара-Балта шәһиригә йеқин Ново-Николаевка йезисиға келип орунлашти вә йезилиқ фельдшер-акушерлик пунктта дохтур екәнлигини аңлиған кишиләр әтрап, йеза, қишлақлардин, һәтта хошна Қазақстандин келип көрүнүп, кесәллиригә дава издәтти. У алдиға кәлгән һәр қандақ кишини меһрибанлиқ билән давалап, хәлиқниң һөрмитигә ериштИ. У колхозниң 2 еғизлиқ өйидә 12 бала (4 оғул 8 қиз) билән яшап, 60 рубль мааш билән уларни чоң қилип қатарға қошти. Турмушниң еғирчилиқлириға қаримай, һәр саһада билимини ашуруп, издинишни давамлаштурди.

1967-жили Шәрқий Түркистан Жумһурийитиниң сабиқ рәиси Әлихан Төрә Тәшкәнттин Тоқмақтики туққанлириға өтүп кетивитип Қара Балтиға чүшүп қалиду. Уни йәрлик мечит җамаити күтүп, меһман қилиду.

Әлихан Төрә Абдурeһим Юсүпини сүрүштүриду. Көпчилик:

- бу ким екән? – дәп олтарғанда аридин бир киши:

- һә, һелиқи даимла хушкәйп болуп жүридиған йеза дохтуриму? – дәп қалиду.

– дәрру чақирип келиңлар,

– дәйду Әлихан Төрә.

Абдурeһим Юсүпи кирип кәлгәндә, Әлихан Төрә дәс орнидин туруп:

– буякқа келиң оғлум – дәп йениға олтарғузуп – бу киши һәммиңлардин билими чоң алим адәм, уни һөрмәт қилиңлар – дәйду.

Өйдикиләр һәйран болуп бир-биригә қаришиду. У вақитларда йәрлик өзбәк, тажик җамаити бизниң, мусапир уйғурларни анчә көзгә илматти. Шуниңдин кейин улар бизгә башқичә қарайдиған болди.

Шу учрушушта Әлихан Төрә А.Юсүпигә қуръанни өзбәк тилиға тәрҗимә қилишни тәклип қилип, уни Тәшкәнттә, мәтбуатта бастуруп беришкә ярдәм қилидиғанлиғини ейтиду. Буниңдин илһамланған А. Юсүпи шу күндин башлап зор ғәйрәт билән һәр кечиси түн йеримиғичә олтуруп, 2 жилға йәтмигән вақитда 30 парә қуръанни өзбәк-уйғур (чағатай) тилида тәрҗимә қилип пүттүриду. Әпсус, у вақиттики коммунистик түзүм уни бастурушқа йол қоймай, қол язма петичә қалиду.

Тәфсир муһәббул қәләм – «Қәләм Дости тәфсири» дәп аталған бу тәфсир һәр бири 12 варақлиқ 16 дәптәрни тикилип топланған 17 томдин ибарәт екән. Муәллип вапат болғанда өлүмгә кәлгән олумалар тәрипидин елип кетилип, дәрәксиз йоқап кәткән. Қәйәрдә кимләрниң қолида қалғанлиғи мәлум әмәс.

Мениң қолумда тәсадипи чүшүп қалған қол язминиң 8 томи сақлинип турмақта. Бу топлам «Юнус» сүриси 90-айәттин «Нәһил» сүрисиниң 49-айитиғичә (11 вә 14 парилар) йезилған 380 бәттин ибарәт һәр бетигә қуръандин бир айәт қара туш билән, тәрҗимиси қизил сия, тәфсири (мәзмуни) көк сия билән, һесни хәт билән йезилған. Тәфсирниң сүпитини баһалаш ислам алимлириниң қолидики иш болсиму, мән қолумдики бу тәфсирни оқуғучи қатари Мәһәммәт Салиһ тәфсири билән селиштуруп көрүп, қанаәтләндим. Амма униң алаһидилиги шуки, автор бу тәфсирдә ислам илимини һазирқи заман пән илмигә селиштүрүп, атеистларниң худасизлиқ идеясиниң ички зиддийәтлирини мәнтиқигә тоғра болмиған җайлирини ашкарилап, Яратқучиниң нәқ екәнлигини испатлайду. Марксизм-ленинизмниң ислам принциплиридин пайдилинип, һөр вә адаләт дуния һәққидә ширин чөчәк ойлап тапқанлиғини, хитай мустәмликичилириниң миллитимизни өз зиминида азат, бәхтияр яшаш инсаний һоқуқлиримизни дәпсәндә қилип жүргүзиватқан қәбиһ түзүминиң тарихтики худалиқ тәләп қилған һөкүмранлардәк чоқум гүмран болушини испатлашқа жүрьәт қилған шу жилларда бу қәһриманлиқ дәп ейтиш мүмкин әлбәттә.

Абдурeһим Юсүпи хушчақчақ, чоң-кичик һәр қандақ адәмни мәһлия қилип сөзгә тарталайдиған сөһбәтдаш, кәмтәр, һәрқандақ җайда һәқни сөзләйдиған. инсанларға, вәзийәткә, дәвиргә тоғра баһа бәргән, қанатлиқ сөзлири билән мәшһур, әл һөрмитигә егә әҗайип инсан еди. «1949-жили, август ейида Әхмәт Қасими башчилиғидики Шәрқий Туркистан жумһурийитиниң делегацияси Хитай хәлиқ республикисиниң рәһбәрлири билән музакириләр жүргүзүш үчүн Алмутидин Бежинға учуп кетиватқан самолет қирсиққа учрап һалак болди» дәп елан қилғанда, у... орнидин сәкрәп туруп:

- Алған! Оруслар қәст қилип өлтәрди! – дәп вақирғанлиғини әвлатдин –әвлат сөзләп кәлмәктә.

Ахирқи нәпәскичә вәтәнниң һөр кәлгүсигә ишәнгән Абдурeһим Юсүпи 1974-жили 7-апрельда 63 йешида һаят билән хошлашти. Улуқ тәвәллудигә 110 жил болған бүгүнки күндә, шундақ инсанлиримизни хатирилләп, уларниң бебаһа әмгәклирини һазирқи әвлатқа йәткүзүш бу бизниң инсаний бурчимиз дәп ойлаймән.

**Тәлъәт Бақи,**
**Қара-Балта шәһири**

(Бу мақалә Турсун Қаһарийниң «Өчмәс учқунлар» топлимидин пайдинилинди)



3 февраля 2021 года в Бельгии, в возрасте 67 лет скончался от последствий короновируса уроженец г. Томок КР известный уйгурский бизнесмен, который входил в пятерку богатейших бизнесменов Казахстана **Алиджан Ибрагимов.** Похороны состоялись 4 февраля в Кыргызстане в его родном городе Токмоке.

**Алиджан Ибрагимов** родился в 1953 году в Узбекистане, но с раннего детства жил в Кыргызстане г.Токмок.

Он владелец компаний в сфере добычи и переработки природных ресурсов, производственных проектов в 14 странах на четырех континентах.

Помимо предпринимательской деятельности и бизнес-проектов Алиджан Ибрагимов ещё известен своей благотворительной деятельностью. Несмотря на то, что его бизнес и сам он находился в Казахстане, он оказывал всяческую материальную и финансовую поддержку ветеранам Великой Отечественной войны и труженикам тыла, пожилым людям, помогал малоимущим семьям, ремонтировал городские дороги и участвовал в строительстве мечетей в родном г.Токмоке, за что был удостоен звания «Почетного гражданина города Токмок».

В период пандемии короновируса он помогал всем необходимым при оснащении больниц и медицинских учреждений в Кыргызстане.

В Казахстане за свою успешную предпринимательскую деятельность в сфере экономики и благотворительной деятельности Алиджан Ибрагимов был награждён: орденом «Звезда Содружества» (2008г.); за укрепление взаимовыгодного сотрудничества в сфере экономики, орденом «Барыс» 3 степени (2010г.); медалью «Халык алғысы (2020г.) - за значительный вклад в борьбу с пандемией.

Выражаем искреннее соболезнование семье и родственникам покойного. Светлая ему память.

***Общественное объединение уйгуров «Иттипак»КР***

---



27- февраль күни вәтинимиз Уйғуристанниң Үрүмчи шәһиридә уйғур хәлқиниң сөйүмлүк рәһбири Әхмәтжан Қасимийниң рәпиқиси Маһинур ханим Қасим 92 йешида аләмдин өтти. Маһинур ханим узун жиллар бойи Шинжаң Уйғур Автоном районы Аяллар җәмийитиниң рәиси давазимини атқурған.

**Маһинур ханим Қасимниң**

вапат болуши мунасивити билән мәрһумәниң аилисигә, урук - туққанлириға чоңқур қайғуруп тәзийә билдүримиз.

Мәрһумәниң ятқан жайи җәннәттә болсун, Амин!

**Қирғизстан уйғурлири « Иттипақ» җәмийитиниң Мәркизий кеңиши**

---

## ***Әлвида, вәтәнпәрвәр дост!***

2021-жили, 29-январь күни Бишкәк шәһири Заречная мәһәллисиниң сабиқ жигитбеши

**Ушуров Қәһриман Моллаев оғли**

аләмдин өтти.



Қәһриман Ушуров узун жиллар Заречная мәһәллисиниң жигитбеши болуп, җамаәткә яхши хизмәтләрни қилған. Қирғизстан уйғурлири «Иттипақи»ниң һәйъәт әзаси болуп, җамаәтниң барлиқ паалийәтлиригә актив қатнашқан. «Иттипақ» гезитигә муштири топлаш вә уни тарқилиш ишлирида зор төһпә қошқан еди. «Иттипақ» җәмийити униң хизмәтлирини жуқури баһалап, уни «Ехсан» медали билән мукапатлиған еди. Биз бүгүн әнә шундақ милләтпәрвәр инсандин айрилип қалдуқ.

**Қәһриман Моллаев оғлиниң**

вапат болуши мунасивити билән, мәрһумниң аилисигә, урук-туққанлириға чоңқур қайғуруп тәзийә билдүримиз. Мәрһумниң ятқан йери җәннәттә болсун. Аминь.

**Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» җәмийитиниң Мәркизий кеңиши**

---

Аламедин наһийәси, Лебединовка йезиси уйғур жамаәтчилигиниң Аяллар кеңишиниң сабиқ рәиси Арзугүл Нәбиеваға, йолдиши

**Ғәни Исмаил оғлиниң**

вапат болуши мунасивити билән чоңқур қайғуруп тәзийә билдүримиз.

Мәрһумниң ятқан жайи җәннәттә болғай,Аминь!

**Қирғизстан уйғурлири» Иттипақ» җәмийитиниң Мәркизий кеңиши**

---



Қирғизстан жумһурийити, Сокулук наһийәси, Комсомол йезисиниң һөрмәтлик ақсақили, « Иттипақ» гезитиниң жанкөйәри

**Нурмуһәммәт һажим Асәнжан оғлиниң**

вапат болуши мунасивити билән мәрһумниң аилисигә, урук- туққанлириға чоңқур қайғуруп тәзийә билдүримиз.

Мәрһумниң ятқан жайи җәннәттә болсун, Амин!

**Қирғизстан уйғурлири» Иттипақ» җәмийитиниң Мәркизий кеңиши**

---

Чуй вилайити, Иссиқ – Ата наһийәси, Ново-Покровка йезисиниң турғуни

**ЮСУПЖАН һажи АБДУЛӘЗИМ** оғли вапат болди.

Мошу мунасивәт билән мәрһумниң аилисигә, урук-туққанлириға чоңқур қайғуруп тәзийә билдүримиз.

Мәрһумниң ятқан йери җәннәттә болсун. Аминь.

**Ново-Покровка йезисиниң уйғур жамаәтчилиги**

---

На 63-м году жизни скончался член Совета аксакалов ООУ КР «Иттипак» по Жалал –Абадской области

**НИЯЗАХУНОВ АБДУСАЛАМ САБИТАХУНОВИЧ**



Он был истинным патриотом своего народа, активно принимал участие в деятельности Общества «Иттипак» по Жалал –Абадской обл. В связи с этим, мы выражаем свое искреннее соболезнование семье и родственникам покойного. Пусть земля ему будет пухом.

**Актив Общественного объединения уйгуров «Иттипак» по Жалал-Абадской области**

---

**«Тәңри Тағ садалири»**

Уйғур радио аңлитиши өз паалийитини башлиди. Бу аңлитишни һәр сейшәнбә күни саат 17:20 дә **«Кырғыз радиосиниң»** FM 106.9 долқунида аңлисаңлар болиду.

Бишкәк – Чуй - FM 106.9
Талас – FM 107.6
Қара-Буура – FM 103.5
Қара-Кол – FM 103.8
Жалал-Абад – FM 105.9
Каныш-Кыя – FM 104.7
Сулукту – FM 102.5
Иссиқ-Көл – FM 106.0
Нарын – FM 105.0
Алай – FM 101.7
Чоң Алай – FM 102.5



# Баскетбол Кыргызстана- к новым высотам

Как говорят: «для полного счастья у мужчины в жизни должны быть три вещи: работа, спорт и хобби». Наш соотечественник **Хусанжан Джаров,** – мастер спорта КР по баскетболу, председатель Судейской коллегии Федерации баскетбола Кыргызской Республики. Он родился 22 июня 1976 года в г. Бишкек. В 1993 году с медалью окончил школу. В 1994 году поступил в КГНУ им.Ю.Баласагына, на экономический факультет. В 1999 году окончил его по специальности: международные экономические отношения. Параллельно окончил факультет общественных профессий по специальности: баскетбол. Почему именно баскетбол? Потому, что Хусанжан с 9 лет занимался баскетболом. Это было его и хобби и спорт. В составе сборной Кыргызстана он побывал в Иране, Китае, Казахстане, Узбекистане и в других странах СНГ. А после получения специальности баскетбол стал еще и его профессией.



В 21 год он становится капитаном команды и молодого, перспективного игрока замечают за рубежом. В 2001 году он уезжает в Казахстан, оттуда его забирают в Германию, где до 2003 года он выступает за «Баскетбольный клуб «Дюсельдорф Маджикс».

С 2003-2008гг. Хусанжан выступает как игрок за «Баскетбольный клуб «Тобол»» г.Костанай (Казахстан) в составе которого становится чемпионом Казахстана и лучшим игроком финала.

С 2008-2009гг. спортивная карьера Хусанжана продолжается, но уже в качестве тренера основной команды ГККП «Баскетбольный клуб «Каспий»» г.Актау (Казахстан).

В 2009 году он вернулся на родину в качестве капитана национальной сборной команды Кыргызстана по баскетболу, которая в 2010 году становится победителем Первых студенческих игр тюркоязычных стран в г.Анкара (Турция).

В сентябре 2009 года Хусанжана назначили на должность Генерального секретаря и тренера национальной сборной команды Кыргызстана по баскетболу, где он проработал до августа 2011 года.

В ноябре 2011 года его снова пригласили в ГККП «Баскетбольный клуб «Каспий»» г.Актау (Казахстан), но уже начальником команды и параллельно в Филиал НФБ РК в Мангистау г. Актау (Казахстан) на должность Руководителя проектов - проведение массовых мероприятий по баскетболу и стритболу в области: «Любительская лига», Школьная лига», ФИБА 3х3», где он проработал до июня 2016 года.



В июне 2016 года Хусанжан Джаров окончательно вернулся в Кыргызстан, подтвердил свой статус судьи международной категории ФИБА и по настоящее время возглавляет Федерацию баскетбола Кыргызской Республики, где продолжает принимать участие как арбитр международных и республиканских игр.

«Я очень люблю баскетбол и живу этим» - говорит он, вкладывая все свои знания и опыт в развитие кыргызского баскетбола.

**Материал подготовила**
**Мавлюдаханум Ахметова**

# *Встреча со спортсменами Казахстана*



В Алмате в здании ОсО «Metall Prom Group» состоялось встреча с тренером спортивного клуба «Динамо-Султан» и юношеской сборной Казахстана по боксу Рахимжаном Садыковым и его учениками, Абилкайыр Умитом, Шахназ Исаевой, Мади Хамзой и Аттией Хамед Мухамедом.

* * *

Во время встречи Рахимжан Садыков рассказал о деятельности спортивного клуба, которым он руководит. Известные спортсмены: Мухтар Розибаев, Дархан Аширов, Сухраб Турапов, Камиль Садыков, Абдуязит Угурчиев, сумевшие отстоять честь Республики Казахстан, гордятся тем, что именно они воспитанники нашего клуба. Рахимжан Садыков выразил искреннию благодарность Долкунтаю Абдухелилу, филантропу, который полностью поддерживал деятельность клуба в то время, когда экономические трудности преобладали на протяжении многих лет.

«Если в первые годы клуб назывался « Динамо», то позже он стал «Динамо-Султан», - сказал Рахимжан Садыков. Сейчас в клубе занимаются около 180 воспитанников в возрасте от 7 до 22 лет. Бокс, как вы знаете, это спорт, который требует напряженной работы и решимости. Шамиль Садыков, мастер своего дела и тренер высокого уровня, «учит» увлеченных боксом детей. К счастью, родители теперь хотят, чтобы их дети занимались одним видом спорта, и пытаются создать для этого все условия.



Шамшикамар Абдурахманова, заместитель председателя JUEM и Рустам Хайриев, председатель Союза уйгурской молодежи Казахстана, рассказали юным спортсменам об успехах их спортивной деятельности. Долкунтай Абдухелил, известный филантроп, всегда поддерживавший тех, кто работает в этой области, и их студентов, сказал: « – первый Президент Республики Казахстан Нурсултан Назарбаев и Президент Республики Казахстан Касым-Жомарт Токаев всегда подчеркивали, что «нашей стране нужны молодые люди, ведущие здоровый образ жизни». Это не зря. Потому что здоровый человек, глубоко мыслящий или ищущий дистанции, может обладать аналогичной способностью. Да, мы хотим, чтобы наша страна была экономически и социально процветающей, и для этого нам нужно здоровое поколение. Если мы протягиваем руку тем, кто максимально занимается спортом, это означает, что мы внесли свой вклад в наше будущее».

В завершение встречи ведущий по традиции передал свои подарки юным спортсменам и пожелал им больших спортивных высот.

**Машур Сасиков,**
**/газета "Уйғур авази" от 17.02.2021 г./**